مەملىكەتلىك قەرەللىك ژۇرناللار جەمئىيىتى مەملىكەت بويىچە 100 قىرائەتخانىغا كۆرسىتىپ بەرگەن ژۇرنال

قانۇن جەمئىيەت
تۇرمۇش ئەخلاق
法治纵横



★ دېڭىز قولتۇقى چۆمۈلۈش مەيدانىدىكى قاتىللىق

★ جانغا زامىن ئاشنىدارچىلىق

★ سەتەڭلەر ھىيلىسىنىڭ قۇربانىغا ئايلانغان بانكا باشلىقى


★ تۈرمىدە يېتىلگەن كەشپىياتچى

# ئامانلىق

2002 6

CN65 - 1180/D - W
ISSN 1009-1844

# ماي بوياق رەسىمنى نۇرمۇھەممەد رېھىمئاخۇن سىزغان



بىزنىڭ مەھەللە



قىش پەسلى

# تەۋسىيىلىك قۇرلار



جەمئىيىتىمىزدە بىر قىسىم كىشىلەر دەۋالىشىش جەريانىدا دەلىل ـ ئىسپات يېتەرلىك بولماسلىق تۈپەيلىدىن ، دەۋادا يېڭىلىپ قېلىپ زور ئىقتىسادىي زىيان ھەم روھىي بېسىمغا دۇچار بولۇۋاتانلىقىدەك ئىشلار بارغانسېرى كۆپەيمەكتە . بىز ئوقۇرمەنلەرگە شۇنى تەۋسىيە قىلىمىزكى ، دەۋالىشىشتا دەلىل ـ ئىسپات ھەممىدىن مۇھىم . ئەگەر بۇ نۇقتىنىڭ راستلىقىنى بىلمەكچى بولسىڭىز ، بۇ ماقالىگە دىققەت قىلىڭ .



ئەگەر سىز ھەقىقىي مۇھەببەت ئۇرۇقىنى ئۆز يارىڭىزغا چاچسىڭىز ، يىغىۋالىدىغىنىڭىز ھەقىقىي مۇھەببەت بىلەن سۇغۇرۇلغان خۇشپۇراق گۈللەردۇر . ئەگەر سىز بىۋاپالىق قىلىپ ، ئىككى قېيىققا تەڭ دەسسىسىڭىز ، ئاقىۋەت ئېرىشىدىغىنىڭىز چوڭقۇر نەپرەت ھەم لەنەت . بۇ ماقالىدە بۇ نۇقتا تېخىمۇ ئېنىق گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولۇپ ، مۇھەببەتنىڭ قىممىتىنىڭ نەدە ئىكەنلىكى ، ئاشنا تۇتۇپ قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرغانلارنىڭ قانۇننىڭ جازاسىغا ئۇچرايدىغانلىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن .



## «دوست»نىڭ قەستى

بىز ئۇيغۇرلاردا «سىنالمىغان دوست ئەمەس» دېگەن گەپ بار . بۇ ماقالىدە تەسۋىرلەنگەن «دوست» لۇق ئوقۇرمەنلەردە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ ھەمدە دوستلۇقنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى بىلىۋېلىشتا ياردەم بېرىدۇ . بۇ ماقالىگە قىزىقسىڭىز ، نەزىرىڭىزنى «دوست» نىڭ قەستىگە ئاغدۇرۇڭ .

# بۇ ساندا

# 2002 ـ يىل 6 ـ سان


## تەۋسىيىلىك قۇرلار

(1) ..................................................................................

## كومپاس

ئىدىيە جەھەتتە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ قۇدرەتلىك مۇداپىئە سېپىنى پۇختا قۇرۇپ چىقايلى ..............
........................................ ئابلىمىز ھوشۇر (4)

## دېلو دەھلىزى

پۇل ئۈتنە ئېلىشتىن كېلىپ چىققان ماجىرا........... خې زى (6)

## جىنايەت ۋە جازا

سەتەڭلەر ھىيلىسىنىڭ قۇربانىغا ئايلانغان بانكا باشلىقى......
........................................ دۇڭ فاڭگېن (11)

## جەمئىيەت كۆزنىكى

تۈرمىدە يېتىلگەن كەشپىياتچى ...................... خۇ شىن (18)

## ئەخلاق ۋە تۇرمۇش

بىر بوۋاينىڭ قىلتاقتا قاقچوشى ............ گوڭ ساڭشېڭ (25)

## جەمئىيەت ۋە تۇرمۇش

«دوست» نىڭ قەستى ....................... ياڭ چىڭلىن (31)

## نىكاھ ۋە قانۇن

جانغا زامىن ئاشىنىدارچىلىق ........... جياڭ نەن ، ياڭ جۈن (36)

## نەزەر

تايلاندتا بۇددا دىنىدىكىلەر سەتچىلىكى ئاشكارىلاندى ...........
........................................ سەي شياۋيۇ (40)

بىدئەتلىككە مەستانە بولغۇچىنىڭ ئۆلۈم يولىغا مېڭىشى.......
........................................ جۇ گوڭيى ، جاڭ جىفېڭ ، دىڭ گۇاڭ (45)



# ئامانلىق

ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

( ئومۇمىي 66 ـ سان)

باشقۇرغۇچى ئورۇن :
ج ك پ ش ئۇ ئا ر سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتى ، ش ئۇ ئا ر جەمئىيەت ئا- مانلىقىنى ھەرتەرەپلىمە تۈزەش كومى- تېتى

مەسئۇلىيەتچىلەر :
ش ئۇ ئا ر پارتكوم سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتى ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتىنىڭ بارلىق ئەزالىرى

پەخرىي مۇدىر : جۇ شېڭتاۋ

ئالىي مەسئۇلىيەتچىلەر :
جاڭ شيۇمىڭ ، نۇر بەكرى ، لى فېڭزى ، ئابدۇقادىر قەسىردىن ، ئابلىمىز ھوشۇر

مۇدىر : سۇڭ جېيى

مۇئاۋىن مۇدىرلار :
دۇشېڭفۇ (ئىجرائىيە) ، جياڭ مىڭچى ، ليۇ گۇاڭگوۋ ، يوشياۋ

ھەيئەت ئەزالىرى :
ۋېن زۇڭلىن ، فاڭ ۋېي ، قادىر ئىبراھىم ، ۋاڭ بېيىڭ ، ليۇ گۇاڭگوۋ ، سۇڭ جېيى ، ئابلىمىت سادىق ، چېن پېيجۇڭ ، شاۋ سىنبېن ، ۋۇجيەنگو ، خۇشياۋ چېن ، دۇشېڭفۇ ، گۇاڭ پېيلې ، جياڭ مىڭچى ، سەي يۈجى ، يوشياۋ

# «ئامانلىق» سىزگە مەڭگۈ يار بولسۇن

## ئەدەبىيات كۆزنىكى

دېڭىز قولتۇقى چۆمۈلۈش مەيدانىدىكى قاتىللىق.... جاۋ جيەنلى (49)

## قانۇندىن ساۋات

ئاتا ـ ئانا بىلەن پەرزەنتلەر ئارا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك ؟ ............................... (57)

## خەۋەرلەر

خەۋەرلەر ...................... ئەركىن پالتى ، مۇھەممەت مۇسا (58)

## تېپىشماقلىق ھېكايىلەر

رازۋېدكىچىنىڭ بېپەرۋالىقى ، 4 = 4 × 2 نىڭ سىرى ... (60)

## ئېلانلار

................................................................................. (61)

## قانۇندىن مەسلىھەت

تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىللىككە ئېلىش ئۈچۈن قانداق شەرتلەرنى ھازىرلاش كېرەك ؟ ........................ (62)

## تەرمىلەر

تەرمىلەر ............................................................. (63)

## يۇمۇرلار ۋە ھەجۋىيلەر

................................................................................. (64)

## مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە :

شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئۇيغۇرچە ئۇنىۋېرسال سەنئەت قانىلى «شادلىق سەيناسى» پروگراممىسىنىڭ رىياسەتچىسى **مۇھەممەت ئېلى قاسىم**

سۈرەتنى شىنجاڭ ساقچى ـ ئوفىتسېرلار ئالىي تېخنىكومى ئوقۇتقۇچىسى **فاتىخ شەرف** تارتقان .

***ژۇرنىلىمىز ھەر ئاينىڭ 1 ـ كۈنى نەشردىن چىقىدۇ . ژۇرنىلىمىزنى سېتىۋالماقچى بولغانلار بىۋاسىتە تەھرىر بۆلۈمىمىز بىلەن ئالاقىلاشسا بولىدۇ .***

باش مۇھەررىرى: دۈشەنگۈل

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى:
ئابلىمىت سادىق

تەھرىر بۆلۈم مۇئاۋىن مۇدىرى:
مىلاقىز پەكرى

تەكلىپلىك مۇھەررىرى:
قادىر ئىبراھىم

گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى:
ئۆمەرجان قاسىم

بەت تۈزگۈچى :
ئابلىبلىم ھېمىت

دۆلەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى :
CN65 – 1180/D – W

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك نومۇرى :
ISSN 1009 – 1844

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى : 147 ـ 58

ئېلانغا رۇخسەت قىلىش كىنىشكا نومۇرى :
00535173

ئادرېسى:
ئۈرۈمچى شەھىرى ساغلاملىق يولى 2 ـ نومۇر

تېلېفون : 2391963 (0991)
پوچتا نومۇرى : 830003
باھاسى : 4.00 يۈەن

شىنجاڭ «ئۈمىد» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

# ئىدىيە جەھەتتە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۆرىشىنىڭ قۇدرەتلىك مۇداپىئە سېپىنى پۇختا قۇرۇپ چىقايلى

ئابلىز ھوشۇر

نۆۋەتتە ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە قانات ياي-
دۇرۇلغان ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچى-
لىككە قارشى تۇرۇش كۆرىشى بويىچە قايتا تەربىيە
پائالىيىتى ياخشى باشلىنىپ ، داۋاملىق چوڭقۇر-
لاشتۇرۇلماقتا .

مىللىي بۆلگۈنچىلىك بىلەن قانۇنسىز دىنىي
ھەرىكەتلەر — شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەت-
كۈزىۋاتقان ئاساسىي خەۋپ . يولداش جياڭ زېمىن
يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئې-
گىزدە تۇرۇپ يىراقنى نەزەر سالغان ھالدا ، بۆلگۈن-
چىلىككە قارشى تۇرۇش كۆرىشىنى كۈچەيتىپ ،
شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشنى ئىزچىل
تۈردە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ ، ئوخشاش
بولمىغان مەزگىللەردە ئوخشاش بولمىغان ئىچكى
ۋەزىيەت ۋە خەلقئارا ۋەزىيەتكە ئاساسەن ، بۆلگۈنچى-
لىككە قارشى تۇرۇپ ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش
توغرىسىدا بىر قاتار مۇھىم يوليورۇقلارنى بەردى .
زۇڭلى جۇ رۇڭجى 9 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق
قۇرۇلتىيىنىڭ 5 ـ سانلىق يىغىنىدا : «يېڭى ۋەز-
يەت ئاستىدا ، دۆلەت بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك
قىلىش ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش ئىنتا-
يىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە . چېگرا ئىچى ۋە
سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھە-
رىكەتلىرىدىن پۇختا مۇداپىئە كۆرۈشىمىز ۋە ئۇ-
نىڭغا قانۇن بويىچە زەربە بېرىشىمىز ، تېررورچىلار
دىن ئەسەبىيلىرى ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ جى-
نايى ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىشىمىز لازىم»
دەپ تەكىتلەپ كۆرسەتتى . بىز كۆپ يىللاردىن بۇيان ،
پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق
پارتكومنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە ، بۆلگۈنچىلىككە
قارشى تۇرۇش كۆرىشىنىڭ زور غەلىبىسىنى قولغا
كەلتۈرۈپ ، ئىجتىمائىي ، سىياسىي مۇقىملىقنى
قوغدىدۇق . ئەمما ، «دەرەخ جىم تۇراي دېسىمۇ ،
شامال جىم تۇرغۇزمايۋاتىدۇ» ، مۇرەككەپ خەلقئارا
ئارقا كۆرۈنۈش قاتارلىق كۆپ خىل سەۋەبلەر تۈپەي-
لىدىن ، بىز دۇچ كېلىۋاتقان بۆلگۈنچىلىككە قارشى
تۇرۇش كۆرىشى يەنىلا ئىنتايىن كەسكىن بولۇۋاتىدۇ ،
بولۇپمۇ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىك-
كە قارشى تۇرۇش كۆرىشى تېخىمۇ گەۋدىلىك ، تې-
خىمۇ مۇرەككەپ بولۇپ ، ۋەزىپىمىز تېخىمۇ ئې-
غىرلىشىۋاتىدۇ .

ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە
قارشى تۇرۇش كۆرىشى كىشىلەر قەلبىنى ، ئاممىنى ،
بازىنى قولغا كەلتۈرۈپ ، سوتسىيالىستىك ئىدىيە
ئورنىنى مۇستەھكەملەشتىكى جىددىي سىياسىي
كۆرەش بولۇپ ، ئۇ ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە ، مىللەتلەر
ئىتتىپاقلىقىغا ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ
مەنپەئىتىگە ، شۇنىڭدەك شىنجاڭنىڭ ئۇزاق مۇددەت
تىنچ ـ ئامان بولۇشىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك .
يولداش ماۋزېدۇڭ : «بىر ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ
تاشلاش ئۈچۈن ، ھامان ئالدى بىلەن جامائەت پىكرى
پەيدا قىلىشقا ، ئىدېئولوگىيە جەھەتتە خىزمەت
ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ . ئىنقىلابىي سىنىپلار
شۇنداق قىلىدۇ ، ئەكسىلئىنقىلابىي سىنىپلارمۇ
شۇنداق قىلىدۇ» دېگەنىدى . تارىخ سىياسىي كۈ-
رەشنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى كۆرەش بىلەن
زىچ باغلىنىشلىق بولىدىغانلىقىنى ، ئوخشاش بول-
مىغان سىنىپلارنىڭ سىياسىي تەشەببۇسىنىڭ مۇ-
قەررەر ھالدا ئىدېئولوگىيە ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈ-
رۈلىدىغانلىقى ۋە ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى قايتا ـ
قايتا ئىسپاتلىدى . ئۇزاقتىن بۇيان ، چېگرا ئىچى ۋە
سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئۆزلىرىنىڭ
شىنجاڭنى ۋەتىنىمىز قوينىدىن بۆلۈپ چىقىپ
كېتىشتەك جىنايى مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش

ئۈچۈن ، ئىزچىل تۈردە ئەكسىيەتچىل جامائەت پىكرى توپلىدى . ئۇلار «مىللەت» ، «دىن» بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ ، مىللىي ئۆچمەنلىكنى قوترىتىپ ، «شىنجاڭ مۇستەقىللىقى» نى تەرغىپ قىلدى . ئۇلار تارقاتقان ئەكسىيەتچىل نۇقتىئىنەزەر ۋە سۆزلەر ھەر مىللەت ئاممىسىنى ۋە ياشلار - ئۆسمۈرلەرنى قاتتىق زەھەرلەپ ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ، سىياسىي مۇقىملىقىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزدى .

ئىدېئولوگىيە ساھەسى— بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشتىكى مۇھىم ساھە . ئاپتونوم رايونىمىزدىكى رېئاللىق ئىدېئولوگىيە ساھەسىنىڭ بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشتىكى «ئىس - تۈتەكسىز جەڭ مەيدانى» ئىكەنلىكىنى ، بۇ ساھەدىكى كۈرەشنىڭ ئىزچىل تۈردە ئىنتايىن كەسكىن ، ئۆتكۈر ۋە مۇرەككەپ بولۇپ كەلگەنلىكىنى تولۇق ئىپادىلەپ بەردى . شۇنىڭ ئۈچۈن ، بىز چوقۇم «ئۈچ خىل كۈچ» كە قارىتا باشتىن - ئاخىر «قاتتىق زەربە بېرىش يۇقىرى بېسىمى ۋەزىيىتى» نى ساقلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ زىيانداشلىقلىقىغا ۋە ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشىمىزنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ ، مېڭىمىزنى سەگەك تۇتۇشىمىز لازىم . كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ، كادىرلار ۋە ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۇ سىياسىي كۈرەشتە چوقۇم ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشتىن ئىبارەت توغرا مەيداندا تۇرۇپ ، بايراق روشەن بولۇش ، مۇھەببەت - نەپرەت ئېنىق بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى ، توغرا كەيپىياتتا باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇشى لازىم . ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى بويىچە قايتا تەربىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش داۋامىدا ، ئاممىغا تايىنىشىمىز ، ئاممىغا تەشۋىق قىلىش ، ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىش خىزمىتىنى پائال ياخشى ئىشلەپ ، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ تەسىرىنى تۈپ - ئاساسىدىن تازىلىشىمىز ھەمدە پۇختا ، ئۈنۈملۈك خىزمەتلەر ئارقىلىق بۇ قېتىمقى ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى قايتا تەربىيىسى پائالىيىتىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيانقى نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملىشىمىز ، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ئىدىيىسىدە بۆلگۈنچىلىككە ، سىڭىپ كىرىشكە ، ئاغدۇرمىچىلىققا قارشى تۇرۇشنىڭ قۇدرەتلىك مۇداپىئە سېپىنى قۇرۇپ چىقىشىمىز لازىم .

بۇ قېتىم ئاپتونوم رايونىمىز مىقياسىدا يولغا قويۇلغان ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى قايتا تەربىيىسى— ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم نۆۋەتتە چېگرا ئىچى ۋە سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىدە كۆرۈلگەن يېڭى ئەھۋال ، يېڭى مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتقان ھالدا شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ، سىياسىي مۇقىملىقىنى ھەقىقىي قوغداش ئۈچۈن قوللانغان مۇھىم تەدبىر ، بۇ يەنە ئاپتونوم رايونىمىزدا بۇ يىل بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشتىكى مۇھىم ۋەزىپە . بىز ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىمىز ، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ئىگىلەپ ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى قايتا تەربىيىسىنى پۇختا ، ئۈنۈملۈك يولغا قويۇپ ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ پولات ئىستىھكامىنى قۇرۇپ چىقىپ ، شىنجاڭنىڭ ئۇزاق مۇددەت تىنچ - ئامان بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۇختا ئىدىيىۋى ئاساس ۋە ئاممىۋى ئاساس ئورنىتىشىمىز لازىم . بىزنىڭ سىياسىي - قانۇن كادىرلىرىمىز يۈكسەك سىياسىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى ئوبدان ئىشلەپ ، تىنچ - ئىتتىپاق بولغان زور ياخشى ۋەزىيەتنى قوغداپ ، يېڭى نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيىنىڭ غەلىبىلىك ئېچىلىشىنى كۈتىۋېلىشى لازىم .

(ئاپتۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى)




*بىر قېتىملىق دەۋادا ، بىر تەرەپ قەرز ئالغانلىق تىلخېتىنى كۆرسىتىش بىلەن بىرگە ئۈچ ئادەمنى گۇۋاھلىققا تارتتى ، يەنە بىر تەرەپمۇ تىلخەتتىكى ئىمزانىڭ ئۆزىنىڭ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى . ئەمما ، سوت نەتىجىسىدە قولىدا تىلخەت بار تەرەپ يېڭىلدى ، ئۇ ئۆزى ئېرىشمەكچى بولغان 550 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇلنى ئالالمايلا قالماستىن ، بەلكى يەنە 20 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق دېلو بېجىرىش ھەققى تۆلىدى . بۇ زادى قانداق ئىش ؟*

1

1998 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى بىر مېيىپلار ماشىنىسى سۇجۇ شەھىرى ۋۇجۇڭيى ئادۋوكاتلار ئورنىغا يېتىپ كەلدى . سۇجۇ شەھىرى مەلۇم پارا ۋانلىق زاۋۇتىدىن ئىشتىن قالغان ساۋ جىيىڭ ئادۋوكات ۋاڭ جەننى تېپىپ ، ئۇنىڭغا ئۇزۇنلۇقى 14 سانتىمېتىر ، كەڭلىكى بەش سانتىمېتىر كېلىدىغان بىر پارچە قەغەزنى كۆرسىتىپ ، ئۆكسۈپ تۇرۇپ ، ئېرىنىڭ نەۋرە ئىنىسىنىڭ بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئىلگىرى زاۋۇت ئاچىمەن دەپ 280 مىڭ يۈەنلىك زايوم ئۆتنە ئېلىپ ، ھازىرغىچە قايتۇرمىغانلىقىنى ئېيتتى .

ۋاڭ جەن ھېلىقى قەغەزگە تەپسىلىي قاراپ چىقتى . قەغەزگە مەزمون بىلەن ئىمزاسى ئىككى خىل پۇچۇركىدا «زاۋۇت ئېچىشقا ئىشلىتىش ئۈچۈن بۈگۈن ساۋ جىيىڭدىن ئىككى يۈز سەكسەن مىڭ يۈەنلىك زايومنى ئۈچ يىللىق ئۆتنە ئالدىم ، مەبلەغ سالغۇچى جۇ جىڭنيۇ ، 94 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى» دەپ يېزىلغان ئىدى . ۋاڭ جەن قىلچە ئىككىلەنمەستىنلا ھاۋالىنى قوبۇل قىلدى . ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككىسى شىيىتاڭ رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز سۇنۇپ ، جۇ جىڭنيۇنىڭ ئۆتنە ئالغان 280 مىڭ پۇل ۋە 122 مىڭ 976 يۈەن ئۆسۈمىنى قايتۇرۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى . ساۋ جىيىڭ تىلخەتنىڭ كۆپەيتمە نۇسخىسىنى قالدۇرۇپ قويۇپ ، ئەسلىي نۇسخىسىنى ئۆزى ئېلىپ كەتتى .

شىيىتاڭ سوتى دېلو تۇرغۇزغاندىن كېيىن ، جاۋابكار جۇجىڭنيۇ باشقۇرۇش تەۋەلىكى توغرىسىدا باشقىچە پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى . شۇ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى بۇ دېلو ۋۇشيەن ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى . جاۋابكار قايىل بولماي ، يەنە باشقۇرۇش تەۋەلىكى توغرىسىدا باشقىچە پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى . ئاخىرىدا سۇجۇ شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ كېسىم قىلىشى بىلەن ، بۇ دېلو پىڭجياڭ رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتتى .

دېلو سوتتىن سوتقا يۆتكىلىپ يۈرگەن چاغدا ، دەۋاگەرنىڭ ۋاكالەتچىسى تىلخەتنىڭ ئەسلىي نۇسخىسىنى سۇجۇ شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىگە ئېلىپ كېلىپ ، «جۇ جىڭنيۇ» دېگەن خەتنىڭ پۇچۇركىسىنى باھالاپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى . سۇجۇ شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى 1998 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ، تىلخەتنىڭ ئەسلىي نۇسخىسىدىكى «جۇ جىڭنيۇ ، 94 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى» دېگەن خەتلەرنى شۇ كىشى ئۆزى يازغان دېگەن باھالاش يەكۈنىنى چىقاردى .

2

ئەمما ، تىلخەتنىڭ ئەسلىي نۇسخىسىدىكى ئىمزاغا باھا چىقىرىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي ، يەنى 1999 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى سائەت 15 تە دەۋاگەر

ساۋجىيىڭ ئالدىراپ ـ تېنەپ شىلۇ ساقچىخانىسىغا كېلىپ مەلۇم سودا سارىيىدا پورتمىلىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى ، پورتمىلىنىڭ ئىچىدە ھېلىقى تىلخەتنىڭمۇ بارلىقىنى مەلۇم قىلدى . ئىشتا 180 گىرادۇسلۇق بۇرۇلۇش يۈز بەردى . 1999 ـ يىلى 6 ـ ئايدا پىڭجياڭ رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى بۇ دېلو ئۈستىدىن ئوچۇق سوت ئاچتى . بۇ جەرياندا دەۋاگەر گۇۋاھلىققا تارتقان ئۈچ كىشى 1994 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ساۋجىيىڭنىڭ ۋەنلىچيا كۆۋرۈكىدە 280 مىڭ يۈەنلىك زايومنى جاۋابكار جۇ جىڭنيۇغا بەرگەنلىكىنى كۆردۇق ، دەپ چىڭ تۇردى . بىراق ، سوت تەكشۈرۈشىدە ، گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىق سۆزىدە زىددىيەت ۋە گۇمانلىق نۇقتىلارنىڭ بارلىقى بايقالدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، دەۋاگەرنىڭ قولىدا تىلخەتنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىلا بار ئىدى . شۇنىڭ بىلەن ، پىڭجياڭ رايونلۇق سوت مەھكىمىسى شۇ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى بىرىنچى سوت ھۆكۈم چىقىرىپ ، دەۋاگەر تىلخەتنىڭ ئەسلىي نۇسخىسىنى كۆرسىتەلمىدى ، يەنە كېلىپ ، دەۋاگەر تەمىنلىگەن پاكىت بىلەن دەۋاگەر بىلەن جاۋابكار ئوتتۇرىسىدا پۇل ئۆتنە بېرىش ـ ئېلىش مۇناسىۋىتى بار دەپ بېكىتكىلى بولمايدۇ ، دەپ قارىدى . شۇنداق قىلىپ ، دەۋاگەر ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بەش ئادۋوكات تەكلىپ قىلىپ ، ئۈچ ئادەمنى گۇۋاھلىققا تارتقان بولسىمۇ ، نەتىجىدە يەنىلا يېڭىلىپ قالدى .

3

چوقۇم يېڭىمەن دەپ يۈرگەن ساۋ جىيىڭ دەۋادا يېڭىلىپ قېلىشىنى ئويلاپمۇ قويمىغانىدى . ئۇ يېڭىلگىنىگە تەن بەرمىدى ، قايتىدىن ئىككى ئادۋوكات تەكلىپ قىلىپ ، سۇجۇ شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز سۇندى . بۇ قېتىم ئۇ جۇ جىڭنيۇنىڭ دېرى ۋە ئۆسۈمى بولۇپ 550 مىڭ يۈەن قايتۇرۇپ بېرىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى . 2000 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى سۇجۇ شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى پىڭجياڭ رايونلۇق سوت مەھكىمىسىنىڭ 1 ـ سوت ھۆكۈمىنى بىكار قىلىپ ، بۇ دېلونى قايتا قاراپ چىقىشقا قايتۇردى . پىڭجياڭ رايونلۇق سوت مەھكىمىسى باشقىدىن بىرلەشمە كوللېگىيە تەشكىللەپ قايتا قاراپ چىقىپ ، ساۋجىيىڭ شىيېتالىڭ رايونلۇق سوت مەھكىمىسىدە تىلخەتنىڭ ئەسلىي نۇسخىسىنى كۆرسەتكەن ، شۇ يىلى ئەسلىي نۇسخىسىنى ج خ تارمىقى باھالاپ ، ئۇنىڭدىكى ئىمزانىڭ جاۋابكار جۇجىڭنيۇنىڭ ئىمزاسى ئىكەنلىكى بېكىتىلگەن . قايتا سوت قىلىش جەريانىدا ، جاۋابكار جۇ جىڭنيۇ بىرىنچى قېتىملىق سوتتا ساۋجىيىڭ تارتقان گۇۋاھچىلارنىڭ بىرىنىڭ ئەينى چاغدا نەق مەيداندا يوق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان ، دېمەك ، بو دېلودا گۇمانلىق جايلار بار ، لېكىن بۇنىڭ بىلەن دەۋاگەر ۋە جاۋابكار ئوتتۇرىسىدا پۇل ئۆتنە ئېلىش ـ بېرىش مۇناسىۋىتىنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ ، دەپ قارىدى . شۇنىڭ بىلەن 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى پىڭجياڭ رايونلۇق سوت مەھكىمىسى قايتىدىن جاۋابكار جۇ جىڭنيۇ مۇشۇ ھۆكۈم كۈچكە ئىگە بولغان كۈندىن باشلاپ بىر ئاي ئىچىدە ئۆتنە ئالغان 280 مىڭ يۈەن پۇل ۋە ئۆتنە مۇددىتىدىن ئېشىپ كەتكەن ۋاقىتتىكى پۇلنىڭ ئۆسۈمىنى بىرلا قېتىمدا قايتۇرىدۇ ، دېگەن ھۆكۈمنى چىقاردى . شۇنداق قىلىپ ، بىر سوت مەھكىمىسى بىر يىل بولمىغان ۋاقىت ئىچىدە پۈتۈنلەي قارىمۇ قارشى ئىككى خىل ھۆكۈم چىقاردى .

4

280 مىڭ يۈەن پۇل بىر ئاددىي پۇقرا ئۈچۈن ئېيتقاندا ساناپ بولغۇسىز پۇل ھېسابلىناتتى . ئىككىنچى قېتىملىق سوتتا ساۋ جىيىڭنىڭ ئارزۇيى ئەمەلگە ئاشقانىدى . ۋاھالەنكى ، جۇ جىڭنيۇ بۇنىڭدىن رازى بولمىدى . 2000 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ، ئىككىنچى قېتىملىق ھۆكۈم كۈچكە ئىگە بولغاندىن كېيىن ، جۇ جىڭنيۇ پىڭجياڭ رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسىگە رەسمىي ئەرز سۇندى .

بىر دېلوغا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىككى خىل ھۆكۈم چىقىرىلدى . دېلو بىجىرگۈچى دېلو ماتېرىياللىرىنى تەپسىلىي كۆرۈپ ، ئەستايىدىل تەھلىل قىلىپ ، ھۆكۈم قېلىشتا پاكىت ئېنىق بولماسلىق ، ئىسپاتتا زىددىيەت بولۇشتەك مەسىلىنى بايقىدى . تەكشۈرۈپ ئېنىقلىشىچە ،

ساۋجېيىڭ دېلونى ئالدى بىلەن تەۋەلىك ھوقۇقى بولمىغا شىيبتالىڭ سوت مەھكىمىسى ۋە ۋۇشيەن سوت مەھكىمىسىگە سۇنغان ھەم تىلخەتنىڭ ئەسلىي نۇسخىسىنى ئېلىپ كەتكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن، سوت تېخى ئىسپاتلاش باسقۇچىغا كىرمىگەن، جاۋابكار تىلخەتتىكى ئىمزانىڭ ئۆزىنىڭ ئىكەنلىكىنى تېخى ئىنكار قىلمىغان ئەھۋالدا، تىلخەتنىڭ ئەسلىي نۇسخىسىنى ئادۋوكاتقا، ج خ ئىدارىسىگە ئاپىرىپ باھالاتقۇزغان. تېخىمۇ غەلىتە يېرى شۇكى، ساۋ جېيىڭ تىلخەتتىكى پۈتۈن مەزمۇننى باھالاتماستىن، پەقەت «جۇ جىڭنيۇ» دېگەن ئىمزا بىلەن يىل، ئاي، كۈننىلا باھالاتقان. باھالىتىپ بولۇپ بىر قانچە كۈن ئۆتە ـ ئۆتمەيلا، تىلخەتنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى ئېيتقان. ئىش زادى راست شۇنداقمۇ ياكى بۇ يەردە بىر ئويۇن بارمۇ؟

نەچچە يىل ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۈچ گۇۋاھچىنىڭ 1994 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىكى پۇل بەرگەن جەرياننى بايان قىلىشى كىشىنى ھەيران قالدۇرغىدەك ئوخشاش چىقتى. بۇ ئۈچ گۇۋاھچىنىڭ شۇ كۈندىكى ھاۋا رايى توغرىسىدىكى بايانىنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرغىدەك ئوخشاش بولۇشى ئادەمنىڭ گۇماننى تېخىمۇ بەك قوزغايتتى. لېكىن، تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، 1994 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈندىكى ھاۋا رايى ئۈچ گۇۋاھچىنىڭ ئېيتقىنىدەك ئەمەس ئىدى.

2000 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىن 31 ـ كۈنىگىچە، ساۋجېيىڭنىڭ ئۈچ گۇۋاھچىسى باش تەپتىش ئالدىدا بۇرۇنقى ئىقرارىدىن بىر ـ بىرلەپ يېنىۋېلىپ، بۇرۇنقى گۇۋاھلىق سۆزلىرىنى ساۋجېيىڭنىڭ ئۆگەتكەنلىكىنى، ئەينى چاغدا نەق مەيداندا ئۆزلىرىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. گۇۋاھچىنىڭ بىرى يەنە 1998 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ساۋ جېيىڭ ئۇنىڭغا يالغان ئىسپات يازدۇرغان چاغدىلا، «تىلخەت» نىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى دېگەنلىكىنى ئېيتتى. ۋاھالەنكى، ساۋجېيىڭنىڭ ساقچىخانىغا بېرىپ دېلو مەلۇم قىلغان ۋاقتى 1999 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئىدى، دېمەك، «تىلخەت» ئاۋۋال يوقاپ كەتكەن، دېلو كېيىن مەلۇم قىلىنغان. 280 مىڭ يۈەنلىك زايومىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى تەكشۈرگەندە، ساۋجېيىڭ دەسلەپتە ئېرىم زاۋۇتتىن سېتىۋالغان دېدى، كېيىن «قاراڭغۇ بازار» دىن سېتىۋالغان دېدى، لېكىن، ئۇنىڭ ئېرىنىڭ زاۋۇتىدىن يېزىپ بەرگەن ئىسپاتتا زاۋۇتتىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە كۆپ بولغاندا 300 يۈەنلىك زايوم سېتىپ بېرىلگەن دېيىلگەن ئىدى. زىيارەت قىلىش ئارقىلىق، ساۋجېيىڭ ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئىشتىن قالغانلىقىغا كۆپ يىل بولغانلىقى، ئېرى كېسەلچان بولۇپ ئۆيدە ئىكەنلىكى، بىر ئۆيدىكى ئۈچ جاننىڭ 200 يۈەن ئەتراپىدىكى مائاش ۋە ساۋجېيىڭنىڭ مېيىپلار ماشىنىسى كىراكەشلىكىدە تاپقان كىرىمىگە قاراشلىق ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. بۇنىڭدىن 280 مىڭ يۈەنلىك زايومنىڭ كېلىش مەنبەسىنىڭ بىر سىر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى.

پىڭجىياڭ رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ قاراپ چىققاندىن كېيىن، پاكىت ئېنىق ئەمەس، ئىسپات يېتەرسىز دەپ قاراپ، سۇجۇ خەلق تەپتىش مەھكىمىسىگە بۇ دېلو توغرىسىدا قارشى ئەرز قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. كېيىن بۇ دېلو يەنە پىڭجىياڭ رايونلۇق سوت مەھكىمىسىنىڭ قايتا قاراپ چىقىشىغا قايتۇرۇلدى.

قايتا قاراپ چىقىشتىن بۇرۇن، گۇۋاھچىنىڭ بىرى پىڭجىياڭ رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسىگە كېلىپ، ساۋجېيىڭنىڭ يېقىندا ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ، باشتىكى سۆزىدە چىڭ تۇرۇشىنى تەلەپ قىلغانلىقىنى ئىنكاس قىلدى.

2001 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى پىڭجىياڭ رايونلۇق سوت مەھكىمىسى سوت ئېچىپ بۇ دېلونى قايتا قاراپ چىقتى. سوت بۇ دېلودىكى ئاچقۇچلۇق پاكىت ـ تىلخەتنىڭ ئەسلىي نۇسخىسىدا گۇمان بار. ساۋجېيىڭ شىيبتالىڭ سوت مەھكىمىسىگە كۆرسەتكەن تىلخەتنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى دەلىللەنمىگەن، كېيىن ساۋجېيىڭنىڭ سەۋەبىدىن، سوت ئاچقاندا كۆرسىتىلمىگەن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ساۋجېيىڭ تارتقان ئۈچ گۇۋاھچىنىڭ گۇۋاھلىق سۆزى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىنغان، جۇجىڭنيۇ ئىقرار قىلمىغان، دەپ قاراپ، ساۋجېيىڭ بىلەن جۇجىڭنيۇ ئوتتۇرىسىدىكى پۇل ئۆتنە بېرىش ـ ئېلىش مۇناسىۋىتىنىڭ پاكىتى يېتەرلىك ئەمەس،

ساۋجىيىڭنىڭ تەلىپى پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ ، دەپ بېكىتتى . 7 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى سوت مۇنداق ھۆكۈم چىقاردى :

1 . مەزكۇر سوتنىڭ (2000) پ ھ د 427 ـ نومۇرلۇق ھەق تەلەپ ھۆكۈمى بىكار قىلىندى .

2 . ساۋجىيىڭنىڭ جۇجىڭنىيۇدىن ئۆتنە ئالغان 280 مىڭ يۈەن بىلەن ئۇنىڭ ئۆسۈمى 270 مىڭ يۈەننى قايتۇرۇۋېلىش توغرىسىدىكى ئەرز تەلىپى رەت قىلىندى .

3 . دېلو بېجىرىش ھەققىنى ساۋجىيىڭ ئۈستىگە ئالىدۇ .

شۇنىڭ بىلەن بۇ دېلو ئاخىرلاشتى . شۇنچە باش قاتۇرغان ساۋجىيىڭ ئاخىرىدا يېڭىلدى . ساۋجىيىڭ ئاخىرى شۇنى چۈشەندىكى ، قانۇن كۆز يېشىغا ئىشەنمەيدۇ ، پەقەت پاكىتقىلا ئىشىنىدۇ !

## دەۋالىششتا دەلىل ـ ئىسپات ھەممىدىن مۇھىم

مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن نۇرغۇن ئوقۇرمەنلەر ژۇرنىلىمىزغا خەت يېزىپ ، تېلېفون بېرىپ ، ھەتتا بەزىلىرى نۇرغۇن جاپالارنى چېكىپ تەھرىر بۆلۈمىمىزگە كېلىپ ، ماجىرالارنىڭ قانداق بىر تەرەپ قىلىنىدىغانلىقىنى سورىدى . شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى ، ھەرقانداق ماجىرا پاكىتقا بېرىپ چېتىلىدۇ . نۇرغۇن دەۋاگەرنىڭ پاكىتى يېتەرلىك بولمىغانلىقى ياكى پاكىتقا ئېرىشەلمىگەنلىكى تۈپەيلىدىن ، دەۋادا قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان .

بۇ دېلو ئەسلىي ئۇنچىۋالا مۇرەككەپ ئەمەس ئىدى . بۇنىڭ بۇنداق قايتىلىنىپ كېتىشىدە يەنىلا دەلىل ـ ئىسپات «رول ئوينىغان» . ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۈچ قېتىم سوت ئېچىلغان . لېكىن ، بۇ دېلودا ئەڭ مۇھىم پاكىت بولىدىغان «تىلخەت» نىڭ ئەسلىي نۇسخىسى زادى ئوتتۇرىغا چىقمىغان . دەۋاگەر بىلەن جاۋابكار ئوتتۇرىسىدا پۇل ئۆتنە بېرىش ـ ئېلىش ئىشىنىڭ بار ـ يوقلىقىنى بېكىتىشتە پەقەت پاكىتقىلا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ . دەۋاگەر بىر مۇنچە باش قاتۇرۇپ ، ئاخىر «ئادەم ئىسپاتى ، ماددىي ئىسپات (تىلخەت)» تەييارلىغان . لېكىن ، ئىسپات بولسىلا دەۋادا يېڭىپ چىقىش ناتايىن . بۇ دېلودا ، قايتا قاراپ چىقىشتىكى دەلىللەش جەريانىدا ، كۆپچىلىكنىڭ دىققەت قىلىشىغا ئەرزىيدىغان مۇنداق بىر مەسىلە تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ، يەنى ئىسپاتنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە ئىسپات ماتېرىيالى . ئىسپات ماتېرىيالى دەۋا ئىسپاتى بولۇپ ، ئۇنى دەلىللەشكە توغرا كېلىدۇ ، يەنە سوتنىڭ تەكشۈرۈشى ۋە ئېتىراپ قىلىشىدىن ئۆتكۈزۈلىدۇ .


ئىسپات دەۋانىڭ كېيىنكىرەك باسقۇچىدا شەكىللىنىدۇ ، سوتنىڭ تەكشۈرۈشى ئاخىرلاشقاندا ياكى سوتنىڭ باھالاش باسقۇچىدا ئاندىن قايسى ئىسپات ماتېرىياللىرىنى مۇشۇ دېلونىڭ ئىسپاتى قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى بېكىتكىلى بولىدۇ . پاكىت ئوبيېكتىپ ، مۇناسىۋەتلىك بولۇش ۋە قانۇنلۇق بولۇشتىن ئىبارەت ئۈچ ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇشى كېرەك . ھەقىقىي ۋە دېلودىكى ئىسپاتقا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىيال بولغانلىقى ئۈچۈنلا دەۋا ئىسپاتى بولالمايدۇ . ئىسپات ماتېرىيالى سوت ئېتىراپ قىلغان قانۇنلۇق تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەن بولۇشى كېرەك . ئىسپات توپلاش ، ئىسپات شەكلى ۋە ئىسپات ماتېرىيالىنى دەۋا ئىسپاتىغا ئايلاندۇرۇش قاتارلىق ھالقىلارنىڭ ھەممىسى قانۇنلۇق بولغاندىلا ، ئۇ دەۋا ئىسپاتى بولالايدۇ . ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى ، دەۋاگەر تەمىنلىگەن دەلىل ـ ئىسپات سوتتا بىرقانچە ئۆتكەلدىن ئۆتكەن بىلەن ، ئاخىرقى ئۆتكەلدىن يەنىلا غەلىبىلىك ئۆتەلمىگەن . «يالغاننى راست قىلىۋالغىلى بولمايدۇ ، راستنى يالغان قىلىۋەتكىلى بولمايدۇ» دېگەن مانا شۇ .

ئوقۇرمەنلەر مۇشۇ دېلودىكى ئەگرى ـ توقايلىقتىن ئىسپاتنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشىنىپ يېتىشى كېرەك . دەلىل ـ ئىسپات ـ ئالاقىدار كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغدايدىغان كۈچلۈك قورالى ، ئۇ دائىم دەۋادا يېڭىش ـ يېڭىلىشنى بىۋاسىتە بەلگىلەيدۇ . ئالاقىدار كىشىلەر ئۆزىنىڭ ھوقۇق ـ تەشەببۇسىنى سوتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتۈرمەكچى بولىدىكەن ، ئۆزىنىڭ ھوقۇق تەشەببۇسى ئاساسلانغان ئەمەلىيەتنى دەلىل ـ ئىسپات ئارقىلىق ئىسپاتلىشى كېرەك . ئەگەر تولۇق دەلىل ـ ئىسپات ئىگىلىمىگەن بولسا ، ياكى مۇھىم


دەلىل - ئىسپات يوقاپ كەتكەن بولسا ، تەشەببۇس قىلغان دېلو ئەمەلىيىتى ئەينەن بولغان تەقدىردىمۇ ، سوت ئۇنى قانۇن جەھەتتىن بېكىتىپ بېرەلمەيدۇ ، ئۇ ئورۇنلۇق دەپ قارىغان تەشەببۇسنى قانۇن بويىچە قوللىمايدۇ . بەزى ئۇۋالچىلىقلار مانا شۇنداق كېلىپ چىققان . دەلىل - ئىسپات سوتنىڭ دېلو ئەمەلىيىتىنىڭ ئەينەن ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشتىكى ئاساسلىق ۋاستىسى . سوت دېلوغا قاراپ چىقىشتا «ئەمەلىيەتكە ئاساسلىنىش» ى كېرەك . ۋاھالەنكى ، دەۋادىكى «ئەمەلىيەتكە ئاساسلىنىش» تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا «دەلىل - ئىسپاتقا ئاساسلىنىش» دېمەكتۇر . ئىسپات بولمىسا ، سوتنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشى تەسكە توختايدۇ ، چىقىرىلغان ھۆكۈم تارىخنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلمەيدۇ . شۇڭا ، ئالاقىدار كىشى دەلىل - ئىسپاتقا ئەھمىيەت بېرىپلا قالماستىن ، سوتمۇ دەلىل - ئىسپاتقا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ . ئىسپات يەنە سوتنىڭ ھۆكۈمىنى ئىشەنچلىك قىلىشنىڭ ئاساسى . كۆپچىلىكنىڭ سوتنىڭ ھۆكۈمىگە ئىشىنىشى سوتنىڭ دۆلەتنىڭ ھۆكۈم قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە قانۇن ئورگىنى بولغانلىقىدىن ئەمەس ، سوتچىنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە خىسلىتىگە ئىشەنگەنلىكىمۇ ئەمەس ، بەلكى سوت مەھكىمىسىنىڭ سوت قىلىش جەريانىدا «دەلىل - ئىسپاتقا ئاساسلىنىش ، قانۇننى ئۆلچەم قىلىش» تا چىڭ تۇرۇپ ، ئەمەلىيەتنى دەلىل - ئىسپات قانۇنىيىتى بويىچە ئوبيېكتىپ ، ئەينەن بېكىتىپ چىقارغان ھۆكۈمنىڭ ئوبيېكتىپ ، ئادىل بولغانلىقىدا .

دەلىل - ئىسپاتنى تەدبىقلاش ۋە ھۆكۈم قىلىشتا مۇناسىپ تۈزۈمگە ئەمەل قىلىش كېرەك . مەسىلەن ،«ھەق تەلەپ داۋا قانۇنى» ۋە ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ھەق تەلەپ دەۋاسى توغرىسىدىكى بەزى ئەدلىيىلىك چۈشەندۈرۈشلىرىدە دەلىل - ئىسپاتنى تەدبىقلاش ۋە دەلىل - ئىسپاتنىڭ ئىسپاتلاش كۈچىگە ھۆكۈم قىلىش توغرىسىدا بەلگىلىمىلەر بار . «ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى» نىڭ 67 - ماددىسىدا : «قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپلەر ئارقىلىق جامائەت گۇۋاھلىقى بىلەن ئىسپاتلانغان قانۇنىي ھەرىكەتلەرنى ، قانۇنىي ئىسپاتلارنى ۋە ھۆججەتلەرنى خەلق سوت مەھكىمىسى ئىسپاتنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشنىڭ ئاساسى قىلىشى كېرەك . ئەمما ، جامائەت گۇۋاھلىقى ئىسپاتلىرىنى ئاغدۇرۇۋېتەلەيدىغان قارشى دەلىل - ئىسپاتلار بۇنىڭ سىرتىدا» دەپ بەلگىلەنگەن . ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ «ھەق تەلەپ ئىقتىسادىي سوت ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى بىر قانچە بەلگىلىمە» سىنىڭ 27 - ماددىسىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن : بىر قانچە دەلىل - ئىسپاتنىڭ كۈچىنى ھۆكۈم قىلىشتا مۇنداق بىر قانچە ئەھۋالغا دىققەت قىلىش كېرەك : 1) ماددىي ئىسپات ، تارىخىي ئارخىپ ، باھالاش خۇلاسىسى ، تەكشۈرۈش خاتىرىسى ياكى جامائەت گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكۈزگەن ، تىزىملاتقان گۇۋاھنامىلەرنىڭ ئىسپاتلاش كۈچى ئومۇمەن باشقا يازما ئىسپات ، ئاڭلىغان ماتېرىياللار ۋە گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىقىدىن ئۈستۈن بولىدۇ ؛ 2) گۇۋاھچى تەمىنلىگەن ئۆزى بىلەن تۇغقاندارچىلىقى بار ياكى مۇناسىۋىتى يېقىن ئالاقىدار تەرەپكە پايدىلىق گۇۋاھلىق سۆزىنىڭ ئىسپاتلاش كۈچى باشقا گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىق سۆزىدىن تۆۋەن بولىدۇ ؛ 3) ئەسلىي ئىسپاتنىڭ ئىسپاتلاش كۈچى يەتكۈزۈلگەن ئىسپاتنىڭكىدىن كۈچلۈك بولىدۇ ؛ 4) گۇۋاھچىنىڭ ئەقلىي ئىقتىدار ئەھۋالى ، پەزىلىتى ، بىلىمى ، تەجرىبىسى ، قانۇن ئېڭى ۋە كەسپ ئىقتىدارى قاتارلىقلار ئۇنىۋېرسال تەھلىل قىلىنىدۇ .

شۇنىڭدىن قارىغاندا ، دەۋالىشىشتا ئىسپات بەك مۇھىم بولۇپلا قالماستىن يەنە ئىنتايىن مۇرەككەپ بولىدۇ ، شۇڭا دەۋالىشىشتا دەلىل - ئىسپاتنىڭ رولىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىش كېرەك .



نېغمەت ئابلىمىت تەرجىمىسى



# ستىگلىم ھىيلىسىنىڭ قوربانىغا ئايلانغان بانكا باشلىقى

دۇك فاڭگېن

1999 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى يەنچېڭ شەھەرلىك سودا ـ سانائەت بانكىسىنىڭ باشلىقى لى كېچىڭ پارا ئېلىش جىنايىتى بىلەن چېتىشلىق دەپ قارىلىپ قانۇن بويىچە قولغا ئېلىندى. 2000 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى يەنچېڭ شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى ئوچۇق سوت ئېچىپ مۇنۇلارنى ئېلان قىلدى: «لى كېچىڭ 1995 ـ يىلنىڭ ئاخىرىدىن 1999 ـ يىلنىڭ بېشىغىچە يەنچېڭ شەھەرلىك سودا ـ سانائەت بانكىسىنىڭ باشلىقى بولغان مەزگىلدە خىزمەت قۇلايلىقىدىن پايدىلىنىپ، كارخانىلارغا تارقىتىلىدىغان قەرز پۇلدىن قول ئاستىدىكىلەرگە پۇل قەرز بېرىپ تۇرۇپ، 15 قېتىمدا 78 مىڭ 400 يۈەن خەلق پۇلى، 3000 ئامېرىكا دوللىرى، 5000 يۈەن شياڭگاڭ پۇلى پارا ئالغان. 7500 يۈەن خەلق پۇلىغا خىيانەت قىلغان. قانۇنسىز ئېرىشكەن خەلق پۇلى 70 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن. شۇڭا، لى كېچىڭغا پارا ئېلىش جىنايىتى ئۈچۈن مۇددەتلىك 11 يىللىق، خىيانەت قىلىش جىنايىتى ئۈچۈن مۇددەتلىك بىر يىللىق قاماق جازاسى بېرىش، 50 مىڭ يۈەنلىك مال ـ مۈلكى بىلەن قانۇنسىز ئېرىشكەن 70 مىڭ يۈەن پۇلىنى مۇسادىرە قىلىپ دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇرۇش قارار قىلىندى».

خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، يەنچېڭ شەھىرىدە خېلى چوڭ غۇلغۇلا پەيدا بولدى. مال ـ دۇنياغا بېرىلمەيدىغان، پاك ـ دىيانەتلىك بۇ ئەمەلدار قانداقلارچە ئۇشتۇمتۇتلا بايلىقخۇمار چىرىك ئەمەلدارغا ئايلىنىپ قالدى؟

## قەرز پۇل ئېلىشتىن باشلانغان ھېكايە

56 ياشقا كىرگەن لى كېچىڭ دېھقان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، 1963 ـ يىلى جياڭسۇ مالىيە ـ ئىقتىساد ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، يەنچېڭ شەھەرلىك سودا ـ سانائەت بانكىسىدا بۆلۈم باشلىقى، ئىشخانا مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن. 1988 ـ يىلى مۇئاۋىن بانكا باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن ھەمدە خىزمەتلەرگە رىياسەتچىلىك قىلغان. 1997 ـ يىلى 3 ـ ئايدا بانكا باشلىقى بولغان (باشقارما دەرىجىلىك). بوي ـ تۇرقى كېلىشكەن لى كېچىڭ خىزمەتتە شەخسىيەتسىز، ئىستىلى دۇرۇس ئادەم بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇ ئارقىلىق بانكا خەزىنىسىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بېقىشقا ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ ھەممىسى بورنىغا يېگەن ئىدى.

ئەمدى گېپىمىزنى باشتىن باشلايلى. 1989 ـ يىلىدىكى ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، مەلۇم شىركەتنىڭ دىرېكتورى خۇاڭ× × بىر قىسىم كۆچمە مەبلەغ ھەل قىلىش مەقسىتىدە خۇا رۇي ئىسىملىك بىر ساۋاقدىشىغا تېلېفون بېرىپ، ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنى رېستورانغا تەكلىپ قىلدى. يەيدىغانلار يېيىلىپ، ئىچىدىغانلار ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن، خۇاڭ× × ساۋاقدىشى خۇا رۇينىڭ ئېرى لۇ× × دىن بانكىدىن 200 مىڭ يۈەن قەرز پۇل ئېلىپ بېرىشنى ئۆتۈندى. لۇ× × بانكىنىڭ

ئادەتتىكى خىزمەتچىسى بولغاچقا ، ئۇ
ئۆزىنىڭ بۇ ئىشتا راستىنلا ئۇ-
نىڭغا ياردەم قىلالمايدىغانلىقىنى
ئېيتتى . خۇاڭ × × ئۇنداق بولسا
مۇناسىۋەتلىك ئادەملەر بىلەن ئا-
لاقىلىشىپ بەرسىڭىزمۇ بولىدۇ
دەپ تۇرىۋالغان بولسىمۇ ، لېكىن
لۇ × × بانكىنىڭ بارلىق ھوقۇ-
قىنىڭ لى كېچىڭدا ئىكەنلىكىنى ،
ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز ھېچقانداق
ئادەمنىڭ قالايمىقان ئىش قى-
لىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغانلىقى-
نى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ، بۇ ئادەم-
نىڭ ئاسانلىقچە گەپ يېمەيدىغان
پرىنسىپچان ئادەم ئىكەنلىكىنى
چۈشەندۈرۈپ ، خۇاڭ × × نىڭ
تەلىپىنى رەت قىلدى . خۇا رۇي
ئېرىنىڭ ساۋاقدىشىنىڭ ئالدىدا
ئۆزىنىڭ يۈزىنى قىلمىغانلىقىنى
كۆرۈپ ، ناھايىتى بىئارام بول-
دى - دە ، ئېرىنىڭ سۆزىنىڭ بې-
لىگە تەپتى :

— «قاراڭە قىلىۋاتقان گېپى-
ڭىزنى ، لى بانكا باشلىقىنىڭ
قەتئىي گەپ يىمەسلىكىگە مەن
زادى ئىشەنمەيمەن» ؛ ئاندىن ئۇ
خۇاڭ × × غا قاراپ : — بولدى ،
200 مىڭ يۈەن پۇل قەرز ئېلىشنى
ماڭىلا قويۇپ بېرىڭ ، — دېدى .

بۇ يىل 26 ياشقا كىرگەن خۇا
رۇي ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈت-
تۈرگەندىن كېيىن ، مەلۇم بىر
شىركەتتە بوغالتىرلىق قىلىۋا-
تاتتى . ئۇنىڭ ئېغىزىدا گېپى بار ،
قولى ئوچۇق بولۇپلا قالماي ، يەنە
ئەرلەر ناھايىتى ئاسانلا ياخشى
كۆرۈپ قالىدىغان تۇغما گۈزەل
ئايال ئىدى . ئۇلار لى بانكا باش-
لىقى بىلەن بىر قورۇدا ئولتۇرات-
تى ، گەرچە ئادەتتە ئىشقا بې-
رىپ - كېلىشتە دائىم ئۇچرىشىپ
قېلىشسىمۇ ، بىراق زادىلا سا-
لام - سائەت قىلىشىپ باقمىغانى-
دى . ساۋاقدىشىغا پۇل ھەل قى-
لىپ بېرىمەن دەپ مەيدىسىگە ئۇ-
رۇپ قويغاندىن باشلاپ ئۇنىڭدا لى
بانكا باشلىقىغا يېقىنلىشىش ئو-
يى پەيدا بولدى . قورۇدا لى بانكا
باشلىقىنى ئۇچرىتىپ قالسىلا ،
تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئالدىغا
بېرىپ تەبەسسۇم قىلىپ ھال -
ئەھۋال سورايدىغان ، كۆكتات با-
زىرىدا ئۇنىڭ ئايالىنى ئۇچرىتىپ
قالسا ئۇنىڭغا ئۇنى ئېلىڭ ، بۇنى
ئالماڭ دېگەندەك پېتىر خۇشامەت-
لەرنى قىلىدىغان ئادەتنى چىقاردى .
كەچقۇرۇنلىرى قەستەن قىلىدى-
غانغا ئىش يوق زېرىكىپ كەتتىم
دېگەننى باھانە قىلىپ ، ئۇلارنىڭ
ئۆيىگە پاراڭلاشقىلى بېرىپ تۇردى .
شۇنىڭ بىلەن ئۇزۇنغا بارمايلا ئۇ
لى ئائىلىسىنىڭ دائىملىق مېھ-
مىنى بولۇپ قالدى . ئۇ ئەسلىدە
مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن لى بانكا باش-
لىقىغا يېقىنلىشىپ ، ئۇنىڭ
بانكىدىن پۇل قەرز ئېلىشىغا
ياردەم قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش
خىيالىدا بولغان ئىدى . بىراق ،
لى بانكا باشلىقىنىڭ ئۇدا بىر
نەچچە قېتىم سوغۇق مۇئامىلە
قىلىشى ھەمدە پارىنى رەت قىلى-
شى بىلەن ، ئۇ قورقۇپ كېتىپ
قايتا ئېغىز ئېچىشقا جۈرئەتمۇ
قىلالمايدىغان بولۇپ قالدى .

ئابرويپەرەس خۇا رۇي شۇ
كۈنى كېچىچە ئۇياق - بۇياققا تولا
ئۆرۈلۈپ ئۇخلىيالماي چىقتى .
پۇل قەرز ئېلىش گەرچە كىچىك
ئىش بولسىمۇ ، بىراق ساۋاقدى-
شىنىڭ ئالدىدا يۈزىنىڭ چۈشۈپ
كېتىشى ئۇنىڭ خىيالىنى باشقا
ياققا بۇرىۋەتتى . مۇشۇ لۆم - لۆم
ئېرىم بىلەن بىر ئۆمۈر يا كۈلمەي ،
يا يىغلىماي ئۆتەرمەنمۇ ؟ ئۇ يې-
نىدا ھېچنېمىنى سەزمەستىن
لايدەك ئۇخلاۋاتقان ئېرىگە قارىدى .
ئۇنىڭدا ئېرىگە نىسبەتەن بىر
خىل سەسكىنىش تۇيغۇسى پەيدا
بولدى . ئۇلار ئىككىسى ئەركىن
مۇھەببەتلىشىپ توي قىلغان ،
توydىن كېيىنمۇ مۇناسىۋىتى
خېلى ياخشى ئىدى . بىراق ، بىر
نەچچە يىلدىن بېرى ئۇ ئېرىنىڭ
يۇقىرىغا يامىشىشقا ماھىر ئەر-
لەردىن ئەمەسلىكىنى ھېس قى-
لىپ ، ئۇنىڭدىن ئۈمىدسىزلە-
نىشكە ، ئادەمنى خاتا تاللاپ قوي-
غاندەك ھېس قىلىشقا باشلىغا-
نىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ ساۋاقدىشىنىڭ
ئالدىدىكى ئابرويى ، ئېرىنىڭ
بۇندىن كېيىنكى ئىستىقبالى
ھەمدە ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدىكى
بەختى ھەققىدە ئويلىنىپ ، بانكا
باشلىقىنىڭ كۆڭلىنى پۇل ئې-
رىتەلمىگىنى بىلەن ، ئاياللار ئې-
رىتىپ قېلىشى مۇمكىن دېگەن
پىكىرگە كەلدى .

## سەتەڭلەرنىڭ تورىقىغا چۈشۈش

بىر كۈنى كەچتە خۇا رۇي
كەچلىك تاماقنى يەپ بولۇپلا لى
بانكا باشلىقىنىڭ ئۆيىگە كىردى .
ئۇ لى بانكا باشلىقىنىڭ ئايالىدىن
ئېرىنىڭ بىر رېستورانغا كەتكەن-
لىكىنى ، كەچلىك تاماققا ئۆيگە
كەلمەيدىغانلىقىنى ئۇقۇپ دەرھال
قايتىپ چىقتى - دە ، تاكسى تو-
سۇپ ھېلىقى رېستوراننىڭ تاز-

سىخانىسىغا يېتىپ كەلدى ھەممە تونۇشقىنىغا ئۇزۇن بولمىغان رېستوران تانسىخانىسىدا ئەرلەرنى كۈتىدىغان دوستى شياۋۋېننى تاپ-تى . ئۇ شياۋۋېنغا : «لى كېچىڭ دېگەن بۇ ئادەمدە پۇل ناھايىتى كۆپ ، بىراق ئاياللار بىلەن ئوي-نىمايدۇ . ئەگەر سەن ئۇنى ئۆزۈڭ بىلەن بىر كارىۋاتتا ياتقۇزۇشنىڭ ئامالىنى قىلالىساڭ ، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ يەردە ئىشلىشىڭنىڭ ھاجىتى قالمىغان بولاتتى» دېدى . شياۋۋېن چىرايىنى پۈرۈشتۈردى : «ئۇ تانسىخانىغا كەلمىسە ، مەن قانداق قول سالىمەن ؟» «بۇنىڭ-دىن خاتىرجەم بول» خۇا رۇي شۇنداق دېگىنىچە ، خۇاڭ × × نىڭ يانفونىغا تېلېفون بەردى . بىر سائەتتىن كېيىن لى كېچىڭ خۇاڭ × × ۋە باشقا بىر نەچچە دوستلىرى بىلەن تانسىخا-نىغا كىرىپ كەلدى . شياۋۋېن ئۇلارنى ناھايىتى قىزغىن كۈتۈ-ۋالدى . يېقىملىق مۇزىكا ساداسى ئىچىدە ئىككىيلەن تانسا ئويناشقا باشلىدى ، لى كېچىڭ بۇ قېتىم راستىنلا كۆپ ئىچىپ قويغان بو-لۇپ ، ئېھتىياتسىزلىقتىن شى-ياۋۋېننىڭ پۇتىغا بىر نەچچە قې-تىم دەسسىۋالدى . شياۋۋېن لى كېچىڭنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ ئەركىلەپ تۇرۇپ پەس ئاۋازدا : «لى بانكا باشلىقى ، بىز بىرئاز ئارام ئالغاچ بىر-بىر ئىستاكان ئۇسسۇلۇق ئىچىۋېلىپ ئاندىن يەنە ئويناساق قانداق ؟» دېدى . لى بانكا باشلىقى خىجىل بولغاندەك ھالەتتە بېشى-نى لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىل-دۈردى . ئايرىمخانىدا لى كېچىڭ شياۋۋېننىڭ ئۆزى دەسسەپ سال-غان پۇتىنى كۆرۈپ باقماقچى بولدى ، شياۋۋېن يوپكىسىنى كۆتۈرۈپ ، ئۇزۇن پايپىقىنى سال-غان پېتى لى كېچىڭنىڭ قوچى-قىغا كىرىپلا كەتتى . ئاياللاردىن كېلىدىغان ئادەمنى مەستخۇش قىلىدىغان پۇراق ۋە هاراقنىڭ تە-سىرى ئاستىدا لى كېچىڭ ھەر قانچە قىلىپمۇ نەپسىنى باسالمى-دى ... ئىشتىن كېيىن شياۋۋېن تۇيدۇرماستىن لى كېچىڭنىڭ گالىستۇكىنى تىقىۋالدى . يېرىم كېچىدە تانسىكەشلەرمۇ تارقاشقا باشلىدى . لى كېچىڭ خۇاڭ × × نىڭ يۆلەشتۈرۈشى بىلەن دەرۋازى-دىن چىقتى . بىر پىكاپ خېلى بۇرۇنلا بۇ يەردە ئۇلارنى ساقلاپ تۇراتتى . پىكاپنىڭ ئىشىكى ئې-چىلىپ خۇا رۇي چۈشتى ـ دە لى كېچىڭنى يۆلىگەچ : «باشلىق جانابلىرى ، ئاياللىرىڭىز سىزنىڭ هاراقنى كۆپ ئىچىپ قويۇشى-ڭىزدىن ئەنسىرەپ مېنى سىزنى ئەكىلىشكە ئەۋەتتى» دېگىنىچە لى كېچىڭنى چىڭ قۇچاقلىغان پېتى پىكاپنىڭ ئارقا ئورۇندۇقىغا ئول-تۇرغۇزدى . لى كېچىڭنىڭ مې-ڭىسى بىردىنلا سەگىپ قالدى ـ دە ، خۇا رۇينى ئىتتىرىپ تۇرۇپ : «مەن مەس ئەمەس ، ئۆيگە ئۆزۈم كېتەلەيمەن» دېدى . خۇا رۇي كۈلۈپ تۇرۇپ سومكىسىدىن بىر سۇلياۋ خالتىنى چىقىرىپ : «بانكا باشلىقى ، تانسىخانىدىكى بىر خېنىم سىزنى بىر نەرسىسىنى چۈشۈرۈپ قويۇپتۇ دەپ ، مېنىڭ سىزگە تاپشۇرۇپ بېرىشىمنى تا-پىلىغان» دېدى . لى كېچىڭ ھەيران قېلىپ خالتىنى ئېچىۋى-دى ، ئۆزىنىڭ گالىستۇكى چىقتى . گالىستۇك ھۆل ئىدى . ئۇ گا-لىستۇكنى پىرقىرىتىپ دېرىزى-دىن سىرتقا چۆرۈۋەتتى .

ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن خۇا رۇي لى كېچىڭنىڭ ئىشخانىسىغا تېلېفون بەردى : «لى بانكا باش-لىقى ، بۈگۈن ھەپتە ئاخىرى ، يەنە كېلىپ مېنىڭ 26 ياشقا كىرگەن تۇغۇلغان كۈنۈم ، بىر قانچە دوستلىرىم بىلەن بىللە ئويناپ كېلەيلى دېيىشكەنىدۇق ، سىزمۇ كېلىپ قاتنىشىپ بەرگەن بول-سىڭىز» . لى كېچىڭ تۈنۈگۈن كەچتىكى ئىشنى ئېسىگە ئېلىپ سوغۇقلا جاۋاب بەردى : «ئايالىم سىزگە مېنىڭ ئىزىمغا چۈشۈپ بېرىشىڭىز ئۈچۈن نېمە پايدا بەردى ؟» خۇا رۇي ئالدىراپ چۈ-شەنچە بەردى : «لى بانكا باشلىقى ، مەن پەقەت سىز بىلەن قارتا ئوي-ناش ئۈچۈن بىر نەچچە دوستۇمنى چاقىردىم ، ھەرگىزمۇ باشقىچە نىيىتىم يوق» . لى كېچىڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ تەكلىپىگە ماقۇل بولدى . شۇ كۈنى كەچ سا-ئەت ئالتىلەردە لى كېچىڭ خۇا رۇينىڭ ئۆيىگە كەلدى . خۇا رۇي-نىڭ ئېرى بىلەن خۇاڭ × × لى كېچىڭغا ھەمراھ بولۇپ قارتا ئوينىدى . خۇا رۇي ئۆز قولى بى-لەن ئۇلارغا بىر نەچچە خىل قو-رۇمىلارنى قورۇپ ، ئىككى بوتۇلكا ئالىي هاراق كەلتۈردى . قورۇمى-لار يېيىلىپ ، هاراق ئىچىلىشكە باشلىدى ، بۇ جەرياندا خۇا رۇي پات ـ پات لى بانكا باشلىقى بىلەن رومكا سوقۇشتۇرۇپ ئۇنىڭغا يې-قىنچىلىق قىلىپ تۇردى . لى كېچىڭ خۇا رۇينىڭ نېمە مەقسىتى بارلىقىنى بىلمەي



تىت ـ تىت بولۇپ يۈرگەچكە ، ھاراقنىڭ تەسىرىدە ئاخىر ئېغىز ئاچتى : «يېقىندىن بېرى سىز دائىم دېگۈدەك بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ ئايالىمغا ياردەملىشىدىغان بولۇپ قالدىڭىز ، مېنىڭچە ، سىزنىڭ چوقۇم ئېغىز ئاچالماي قېلىۋاتقان بىرەر ئىشىڭىز بارغۇ دەيمەن . بۈگۈن مەن تولىمۇ خۇشال ، ئىش بولسا دەۋېرىڭ» . خۇا رۇي پىسىڭىدە كۈلۈپ قويۇپ : «مېنىڭغۇ ھېچقانداق ئىشىم يوق ، پەقەت سىزنى خىزمىتى بەك ئالدىراش ، جاپالىقكەن دەپ ئارام ئېلىشىڭىزغا شارائىت يارىتىپ بېرەي دېگەنىدىم . بىراق ، بۇلارنىڭ سىزدىن ئۆتۈنىدىغان ئىشى بارمۇ ـ يوق بۇنى بىلمىدىم» دېدى . لى كېچىڭ مەيدىسىگە ئۇردى : «ئىش بولسا دەۋەرمەمسىلەر» . خۇاڭ × × پۇل قەرز ئېلىش ئىشىنى دېۋىدى ، لى كېچىڭ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى : «كىچىك ئىش ئىكەنغۇ ، دۈشەنبە كۈنى ئەتىگەندە ئىشخانامغا كېلىڭ ، بېجىرىپ بېرەي» .

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن خۇا رۇي لى كېچىڭنىڭ ئۆيىگە ئولتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن بېرىۋېدى ، لى كېچىڭنىڭ ئايالى ئۆيدە يوق بولۇپ چىقتى . لى كېچىڭ خۇا رۇيدىن ھېلىقى كۈنى كەچتە تانسىخانىدا بولغان ئىشنى سورىدى . خۇا رۇي ئەكىلەپ تۇرۇپ : «لى بانكا باشلىقى ، ئۇنداق كەلسە ـ كەلمەس ئاياللارغا يېقىن كېلىشكە بولمايدۇ جۇمۇ ! ئاڭلىشىمچە ، مەركىزى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى پاھىشىۋازلىق قىلغان پارتىيىلىك كادىرلارنى ئېغىرلىتىپ جازالاش ھەققىدە بەلگىلىمە چىقىرىپتۇ . سىز ھەرگىز ئۇنداق ئاياللارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ قالماڭ . ئەگەر ئاياللارغا قىزىقسىڭىز ، نېمىشقا ياش ، چىرايلىق ھەم سالاھىيىتى باردىن بىرنى تېپىپ ئاشنا تۇتمايسىز ؟ شۇنداق قىلسىڭىز ھەم بىخەتەر ، ھەم زامانغا لايىق ئىش بولامدۇ...» دېدى . بىر نەچچە ئېغىز شىرىن سۆز لى كېچىڭنىڭ نەچچە ئون يىلدىن بېرى تاقىلىپ قالغان ھېسسىيات دەرۋازىسىنى ئاخىرى ئېچىۋەتتى . ئۇ ئېچىرقاپ كەتكەن بۆرىدەك ئېتىلىپ بارغىنىچە خۇا رۇينى قۇچاقلاپ سۆيۈپ كەتتى : «ھەي شياۋخۇا ، مەن بۇيىل 46 ياشقا كىردىم ، سىزدەك ساھىبجامالنى ئۇچرىتىپ قالارمەن دەپ ئويلاپمۇ باقمىغانىدىم » . خۇا رۇي دەرھال لى كېچىڭنى بوشقىنە ئىتتىرىپ : «لى بانكا باشلىقى ، ئالدىراپ كەتمەڭ ، مەن ھەرقانچە بولسىمۇ سىزنىڭ ئۆيىڭىزدە بۇنداق ئىشنى قىلسام بولمايدۇ ، بولمىسا ، مەن ئايالىڭىزغا يۈز كېلەلمەيمەن» دېدى . لى كېچىڭ تاقىلداپ تۇرغان نەپسىنى باسالماي ، تۇنجى قېتىم خۇا رۇي بىلەن سىرتقا چىقىپ بىر مېھمانخانىدا بىرگە بولدى .

## ئاشنىسى ئۈچۈن پۇلنى غازاڭدەك خەجلەش

لى كېچىڭ خۇا رۇي بىلەن بىر ياستۇققا باش قويغان كۈندىن باشلاپ ، ئۇ خىزمەت ۋاقتىدىن باشقا ۋاقتى ۋە زېھنىي كۈچىنى خۇا رۇيغا سەرپ قىلىپ ، ئۇنىڭ ھەممە نەرسىسىنى تەق قىلىپ بەردى . ئۇنى ساياھەتكە ئېلىپ چىقىپ ، جاھاننىڭ پەيزىنى سۈردى . خۇا رۇي لى كېچىڭنىڭ ھوقۇقىنى دەستەك قىلىپ باشقىلار بىلەن مۇناسىۋەت تورى باغلاپ ئۆزىنىڭ ئۈلنىنى چىڭدىدى . ئۇ ئېرىنىم قەرز پۇل ھەل قىلالايدۇ دەپ داۋراڭ سېلىپ ، خەقلەر ياردەم سوراپ كەلسە ، لى كېچىڭغا تېلېفون بېرىپ تەستىق سالدۇرۇپ ، ئىش پۈتكەندىن كېيىن ئۇلاردىن شېرىنكانە ئېلىپ يۈردى . 1995 ـ يىلى خۇا رۇي شەھەر ئەتراپىدىن 7000 يۈەنگە ئۆيلۈك يەر سېتىۋالدى . ئۆي سېلىشقا پۇلى يەتمەگەچكە ، لى كېچىڭنى ئىشقا سالماقچى بولدى . بىر كۈنى ئۇ لى كېچىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ قىلىدىغان ئىشىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭغا ئېغىز ئاچتى : «بىز بارغانلا يېرىمىزدە دەككە ـ دۈككە ئىچىدە يۈرۈپ خاتىرجەم ، قانغۇدەك ئويناليالمايۋاتىمىز .

بىزنىڭ قاچانمۇ ئۆزىمىزگە تەۋە ئايرىم ئۆيىمىز بولار ـ ھە !» لى كېچىڭ بۇنى ئاڭلاپ خۇا رۇيگە قاخشاپ بەردى : «سىز بىلەن ئالاقە قىلىشقاندىن باشلاپ ئايالىمدىن ئوغرىلىقچە يىغقان پۇللىرىمنىڭ ھەممىسىنى خەجلەپ تۈگىتىپ بولدۇم ، مائاشىمنىڭ ھەممىسىنى ئايالىمغا بېرىدىغان تۇرسام ، مەندە نەدىمۇ ئۆي ئالغۇدەك پۇل بولسۇن ؟» «مەن بىلىمەن ، سىز دېگەن پاك ـ دىيانەتلىك رەھبەر . پۇل يوق بولسا ، مەنمۇ سىزنى ئوغرىلىق ياكى بۇلاڭچىلىق قىلىڭ دېمەيمەن . بىراق ، مېنىڭ سىزنى بىر تىيىنمۇ چىقىم قىلدۇرمايلا بىر يۈرۈش ئۆيگە ئېرىشتۈرىدىغان ئامالىم بار ! ئاڭلىسام ، بانكاڭلار يېڭى بىنا سالدۇرماقچىكەنغۇ ، قايسى قۇرۇلۇش ئىدارىسىغا كۆتۈرىگە بېرىدىغان بولدۇڭلار ؟» لى كېچىڭ ئۇنىڭغا گەپنىڭ راستىنى ئېيتتى : «بۇ ئىش ھازىرچە تېخى بېكىتىلمىدى» . خۇا رۇي لى كېچىڭنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى : «مەن نەچچە ئون مىڭ يۈەن خەجلەپ تونۇشلىرىم ئارقىلىق شەھەر ئەتراپىدىن بىر پارچە يەر سېتىۋالدىم . سىز پەقەت بانكاڭلار سالماقچى بولغان بىنانى مەلۇم قۇرۇلۇش شىركىتىگە كۆتۈرىگە بەرسىڭىزلا ، بىزگە بىر يۈرۈش ئۆي تەييار بولمامدۇ ؟» لى كېچىڭ تەڭقىسلىقتا قالدى . خۇا رۇي ئۇلاپلا : «بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈم بىر قوللۇق ئۇقۇشىمەن ، مەسئۇلىيەتنى ھەرگىزمۇ سىزگە ئىتتىرىپ قويمايمەن» دېدى . لى كېچىڭ ئەستە بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇل بولدى . ئەتىسى ئۇ يەنچىڭ شەھىرىدىكى بىر قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ مەسئۇلىنى تېپىپ دادىللىق بىلەن پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى . بۇ شىركەت بانكىنىڭ بىنا سالدۇرىدىغانلىقىنى ئاللىبۇرۇنلا ئاڭلىغان بولۇپ ، قۇرۇلۇشنى قولغا چۈشۈرۈش توغرىسىدا باش قاتۇرىۋاتقان بولغاچقا ، خۇا رۇينىڭ پىكرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن شۇ ھامان قوشۇلدى . خۇا رۇي يەنە بۇ مەسئۇل كىشىگە يۈرتىپ : «لى بانكا باشلىقى گەپ يەيدىغان ئادەم ، بىرەر ئىشنى تەلەپ قىلسا قاندۇرماي قالمايدۇ» دېدى . بىر نەچچە كۈندىن كېيىن خۇا رۇي ئىككىيلەننى سىرتقا چاقىرىپ مېھمان قىلغاندىن كېيىن ، ئۇلارنى كېلىشتۈرۈپ قويدى . ئۇلار : (1) شەھەرلىك سودا ـ سانائەت بانكىسى بىناسىنى × × قۇرۇلۇش شىركىتى ئۈستىگە ئالىدۇ . (2) شەھەرلىك سودا ـ سانائەت بانكىسى بۇ قۇرۇلۇش شىركىتىگە 500 مىڭ يۈەن قەرز پۇل بېرىدۇ . (3) بۇ قۇرۇلۇش شىركىتى لى كېچىڭگە يېڭى بىر يۈرۈش ئۆي سېلىپ بېرىشكە مەسئۇل بولىدۇ ، دەپ كېلىشىم ھاسىل قىلدى . خۇا رۇي كېچە ئۇزۇن بولسا چۈشنىڭ كۆپ بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ، ئاكتىپلىق بىلەن 20 مىڭ يۈەن پۇل چىقىرىپ شىركەت مەسئۇلىغا : «بۇ ئۆي سېلىشقا ئىشلىتىدىغان پۇل ، پۇل بىلەن مالنى تەڭ ئالماشتۇرىمىز» دەپ تۇتقۇزۇپ قويدى . بىر يىلدىن كېيىن قۇرۇلۇش شىركىتى تۆۋەن باھادا ھېسابلىغاندىمۇ 135 مىڭ يۈەنلەرگە توغرا كەلگۈدەك كاتتا بىر يۈرۈش ئۆينى سېلىپ پۈتتۈردى . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن لى كېچىڭ بىلەن خۇا رۇي يېڭى ئۆيدە بىر مەزگىل شېرىن مىنۇتلىرىنى ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى . بىراق ، ئۇزۇنغا بارمايلا خۇا رۇيدە يەنە بۇ ئۆينى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش خىيالى پەيدا بولدى . بىر كۈنى ئۇ لى كېچىڭگە : «بۇ ئۆي شەھەرگە سەل يىراق بولغاچقا بىزگە قولايسىز بولۇپ قېلىۋاتىدۇ ، بولمىسا ، بۇ ئۆينى سېتىۋېتىپ باشقا ئۆي سېتىۋالساق قانداق ؟» دېدى . لى كېچىڭ ئۇنىڭ تەكلىپىگە شەرتسىز قوشۇلدى . 1997 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ، ئۇ ئۆزى بىر قوللۇق ئۈستۈرگەن يەندۇ ناھىيىلىك سودا ـ سانائەت بانكىسىنىڭ باشلىقى لى جۇڭسۇنى تېلېفون بىلەن چاقىرىپ كىلىپ ، ھېلىقى ئۆينى سېتىپ بېرىشنى ئېيتتى . لى جۇڭسۇ لى كېچىڭنىڭ ئۆزىگە قىلغان شاپائىتىگە مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ ، دائىم ئۆزىگە ھاجىتى چۈشۈپ تۇرىدىغان سودىگەردىن بىرنى تېپىپ ئۆينى 250 مىڭ يۈەنگە ساتتى . ئىش پۈتكەندىن كېيىن ، لى كېچىڭ پۇلنىڭ ھەممىسىنى خۇا رۇيگە بەردى .

لى كېچىڭ خۇا رۇي بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتنى يىلتىز تارتقۇزۇش ، ياش جەھەتتىكى پەرقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن ، خۇا رۇينىڭ بارلىق ئارزۇ ـ تەلەپلىرىنى ئامالىنىڭ بېرىچە قاندۇرۇپ ، پۇلنى غازاڭدەك خەجلەپ ، بارا ـ بارا ئۆزۈل ـ كېسىل چۈشكۈنلىشىپ كەتتى . 1995 ـ يىلىدىن 1998 ـ يىلىغىچە × × شىركەتنىڭ باشلىقى شۇ × × پۇل قەرز ئېلىش ئۈچۈن لى كېچىڭگە 30 مىڭ يۈەن پارا بەردى . لى كېچىڭنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ باشقىلارغا بېجىرىپ بەرگەن قەرز پۇلى نەچچە ئون مىليون يۈەنگە يەتتى . 1995 ـ يىلى 5 ـ ئايدا شۇ × × لى كېچىڭنى ئامېرىكا ، كانادالارنى كۆرۈپ كېلىشكە تەكلىپ قىلىپ ، كانادانىڭ تورونتو شەھىرىدىكى مەلۇم مېھمانخانىدا لى كېچىڭگە 1000 ئامېرىكا دول-

لىرى سوۋغا قىلدى . قايتاشىدا شياڭگاڭغا كەلگەندە يەنە 5000 يۈەن شياڭگاڭ پۇلى بەردى . لى كېچىڭ بۇ پۇللارغا ئەتىر ، زىبۇ ـ زىننەت ۋە سۈرەت تارتىش ئاپپاراتى دېگەندەك خاتىرە بۇيۇملارنى سېتىۋېلىپ خۇا رۇيغا سوۋغا قىلدى . 1997 ـ يىلى 3 ـ ئايدا لى جۇڭسۇ لى كېچىڭگە تېلېفون بېرىپ يەندۇ ناھىيىلىك سودا ـ سانائەت بانكىسىدا مۇكاپات پۇلىدىن 40 مىڭ يۈەن پۇلنىڭ ئېشىپ قالغانلىقىنى ، ئۇنىڭ بۇ پۇلنى شەھەرلىك سودا ـ سانائەت بانكىسىنىڭ رەھبەرلىرىگە بېرىش خىيالىنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى . لى كېچىڭ دەرھاللا جۇلىن سودا شەھەرچىسىدىن بىرمىلەننى تېپىپ 32 مىڭ 400 يۈەن قىممىتىدىكى مال سېتىۋېلىش تالونى بىلەن بىليارت زەنجىر تالونى يازدۇرۇپ لى جۇڭسۇغا بېرىپ ، يەندۇ سودا ـ سانائەت بانكىسىنىڭ مۇكاپات پۇلى ھېساباتىغا كىرگۈزىۋەتكەندىن كېيىن ، پۇلنىڭ ھەممىسىنى چۆنتىكىگە سالدى . 1997 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى × × شىركەتنىڭ مەسئۇلى جاڭ × × ئىدارىسىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەپ مەقسەتلىك ھالدا لى كېچىڭ بىلەن تونۇشتى . ئۇ خەييۈ رېستورانىغا بېرىپ چېن × × نىڭ نامىدا ئىستېمال كارتىسى بېجىردى ، كارتىنى مەزكۇر رېستورانغا ئېلىپ بېرىپ كەڭ ـ كۇشادە ئىشلىتىپ ، ئىمزا قويۇپ قويسىلا چىقىمنىڭ ھەممىسى كارتا بېجىرگۈچى بىلەن رېستوراننىڭ زىممىسىگە چۈشەتتى . لى كېچىڭ 1997 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن 1998 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە خۇا رۇي بىلەن بىرگە مۇشۇ كارتىنى ئىشلىتىپ ، خەييۈ رېستورانىدا 38 مىڭ 400 يۈەن چىقىم قىلدى .

لى كېچىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىككى كىشىلىك دۇنياسى ئۈچۈن ، خەقلەر پارا بەرگەن پۇللارنى قوبۇل قىلىپلا قالماستىن ، يەنە پارچە ـ پۇرات پۇللارنىمۇ ياندۇرماي ئېلىۋەردى . شۇنداق قىلىپ ، 1995 ـ يىلىدىن 1999 ـ يىلىغىچە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئورۇنلاردىكى ياۋ × × قاتارلىق توققۇز ئادەمدىن قوبۇل قىلغان پۇل ۋە مال ـ مۈلۈك قىممىتى 26 مىڭ يۈەنگە يەتتى . 1999 ـ يىلىنىڭ بېشىدا لى كېچىڭ يەنە جۇلىن سودا شەھەرچىسىدىن 7500 يۈەنلىك مال سېتىۋېلىش تالونى كەستۈرۈپ ، ئۆزى تورۇشلۇق بانكىغا ئەكىلىپ ئىشخانىدا ئىشلىتىدىغان بۇيۇم سېتىۋالغان دەپ ئاتچوت قىلدۇرۇپ ، پۇلنى ئۆزىنىڭ چۆنتىكىگە سالدى .

## تۆمۈر قەپەزگە يەنت بولۇش

1999 ـ يىلى لى كېچىڭ شەھەرلىك سودا ـ سانائەت بانكىسىنىڭ باشلىقلىق ئورنىدىن چېكىنگەندە ، خۇا رۇي لى كېچىڭنىڭ ئەمدى كېرىكى قالمىدى دەپ قاراپ ، بۇ قېرىنىڭ تەسىر دائىرىسى تېخى پۈتۈنلەي يوققا چىقمىغان ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ ، ئۇنىڭ قېنىنى ئاخىرقى قېتىم بىر شورىۋالماقچى بولدى . ئۇ بىر قېتىملىق ئۇچرىشىشتا لى كېچىڭنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ ئەركىلەپ تۇرۇپ : «بىلەمسىز ، كېلەر ئاينىڭ مۇشۇ كۈنى قانداق كۈن ؟» دەپ سورىدى . لى كېچىڭنىڭ خۇا رۇيغا يېقىن كەلمىگىنىگە خېلى كۈنلەر بولغان بولۇپ ، بۇ كۈنى ئۇ تولىمۇ ھاياجانلىنىپ كەتكەن بولغاچقا ، قايتا ـ قايتا ئويلاپمۇ ئۇ كۈننىڭ قانداق كۈن ئىكەنلىكىنى زادىلا تاپالمىدى .

ئاخىر خۇا رۇي ئۆزى دەپ بەردى : «1999 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئىككىمىزنىڭ ئارىلاشقىنىمىزغا 10 يىل بولغان كۈن !» لى كېچىڭ ھاياجانلانغان ھالدا ئىككى قولى بىلەن پارقىراپ تۇرغان پىشانىسىگە ئۇرۇپ كەتتى : «گالۋاڭلىقىمنى قارىمامدىغان ، ئۆلۈمگە لايىقمەن» . «شۇنداق مۇھىم كۈندە ماڭا نېمە سوۋغا قىلىسىز ؟» لى كېچىڭ سەل ئويلىنىۋېلىپ ، ياستۇقىنىڭ يېنىغا قويۇپ قويغان يانفوننى ئېلىپ × × شىركەتنىڭ شياڭگاڭدىكى ۋەكىلىگە تېلېفون بەردى : «ۋەي ، گاۋ × × ما ؟ مەن لى كېچىڭ ، سىزنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم ، جىددىي بىر ئىش چىقىپ قالدى ، شياڭگاڭدىن كېلىشىڭىزدە ماڭا بىليارت كۆزلۈك ئالتۇن زەنجىردىن بىرنى ئالغاچ كېلىڭ . ئۇنى 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن ئىلگىرى چوقۇم ماڭا يەتكۈزۈپ بېرىڭ ، ئۈلگۈرمىسە ماڭا ھېچقانداق كېرىكى قالمايدۇ...» خۇا رۇي تېلېفوندىن قارشى تەرەپنىڭ لى كېچىڭگە ۋەدە بەرگەنلىك ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈمسىرىدى . 1999 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى لى كېچىڭ قىممىتى 16 مىڭ يۈەنلىك بىليارت كۆزلۈك ئالتۇن زەنجىردىن بىرنى ئۆز قولى بىلەن خۇارۇينىڭ بوينىغا ئېسىپ قويدى .

لى كېچىڭ ئاشىنىسىغا ئىنتايىن سېخى بولغىنى بىلەن ، ئۆزىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە كەلگەندە بىر پۇڭنىڭ ئۈستىدىمۇ تىك تۇراتتى . ئۇ كېيىن گۇناھىنى بوينىغا ئېلىپ مۇنداق دېگەن : «ئەمدى ھەرقانچە قىلساممۇ خوتۇن ـ بالىلىرىم بىلەن ئانامنىڭ ئەجرىنى قايتۇرۇپ

بولالمايمەن ، مەن ئۇلارغا ھەقىقەتەن
يۈزسىزلىك قىلدىم» . لى كېچىڭ-
نىڭ ئايالى ياۋ × × ئىنتايىن مۇلايىم
ھەم ئەقىللىق ئايال ئىدى . 1995 ـ
يىلى لى كېچىڭ چەت ئەلگە تەكشۈ-
رۈشكە چىقىپ قايتىشىدا ئاشىنىسىغا
نەچچە مىڭ يۈەنلىك سوۋغا سالام ئال-
غان بولسىمۇ ، بىراق ئايالى ئۈچۈن
بىر تىيىنمۇ خەجلەپ قويمىغان .
1996 ـ يىلى باھار بايرىمىدا مەلۇم
ماددىي ئەشيا شىركىتىنىڭ مەسئۇلى
فاڭ × × شىركەتكە قەرز پۇل ھەل
قىلىش ئۈچۈن لى كېچىڭدىن ياردەم
تەلەپ قىلىپ ، ئۇلارنىڭ ئۆيىگە 3000
يۈەن پۇل ئەكەلگەندە ، ئايالى ياۋ × ×
بۇ ئىشنى سېزىپ قېلىپ ، ئۇنىڭغا
بۇ پۇلنى فاڭ × × غا قايتۇرۇپ بېرىڭ
دەپ چىڭ تۇرىۋالغان . كەچتە ئايالىغا
يالغاندىن ماقۇل دەپ قويۇپ ئەتىسى
ئىشقا بېرىپلا پۇلنى ئۆزىنىڭ بىخەتەر
ئىشكاپىغا سېلىپ قويغان . كەچتە
ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيىگە قايتقاندا ئا-
يالىغا يالغان سۆزلەپ : «پۇلنى قاي-
تۇرىۋەتتىم ، خانىم ئالىيلىرى خا-
تىرجەم بولغايلا» دېگەن .

لى كېچىڭنىڭ ئىككىنچى بالى-
سى گۇاڭجۇدا ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەۋا-
تاتتى . 1998 ـ يىلى يىل ئاخىرى-
دا × × شىركەتنىڭ خوجايىنى لى
كېچىڭنى خېنەننى كۆرۈپ كېتىشكە
تەكلىپ قىلدى . لى كېچىڭ يول
ئۈستىدە ئوغلىنىڭ گۇاڭجۇدىكى
خىزمەت ئورنىغا بارغاندا ، ئوغلى ھا-
زىرقى خىزمەت ئورنىنىڭ كۆڭۈلدى-
كىدەك ئەمەسلىكىنى ، كېيىنكى
ئىستىقبالى ئۈچۈن خىزمەت ئالماش-
تۇرغىسى بارلىقىنى ئېيتىپ دادى-
سىدىن ئازراق خىراجەت تەلەپ قىلدى .
لى : «سەن مېنى بايلىق ئىلاھى دەپ
قالما ، بانكا باشلىقى بولغانلىقىنىم
ئۈچۈنلا پۇلدار بولۇپ قالغىنىم يوق ،
ماڭاشىمنىڭ ھەممىسىنى ئاپاڭغا بې-
رىمەن ، تەكشۈرۈشكە چىققاندىكى
چىقىمىنىڭ ھەممىسىنى ئىدارە ئاج-
رىتىدۇ ، ساڭا بەرگىدەك پۇلۇم يوق»
دەيدۇ . ئوغلى ھەرقانچە يالۋۇرسىمۇ ،
لى كېچىڭ زادىلا ئۇنىمايدۇ . لى كې-
چىڭنىڭ بۇ قىلىقى ئۇنىڭ بىلەن
خىزمەت تەكشۈرۈشكە بىللە كەلگەن
خىزمەتدىشىنىڭ كۆزىگە زادىلا سىغ-
مايدۇ ، خىزمەتدىشى يېنىدىن 10 مىڭ
يۈەن چىقىرىپ لى كېچىڭنىڭ ئوغ-
لىغا تەڭلەپ : «بۇ پۇلنى سەن ئىش-
لىتكەچ تۇرغىن ، ئىدارىغا قايتىپ
بارغاندا داداڭ ماڭا قايتۇرسا بولىدۇ»
دەيدۇ . ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى ، لى
كېچىڭ كېيىن بۇ پۇلنىمۇ قايتۇرۇپ
بەرمەيدۇ .

لى كېچىڭ يالغۇز بالا بولۇپ ،
ياشىنىپ قالغان ئاپىسى ئۇنىڭ
سىرتتا كىچىك خوتۇن تېپىۋالغانلى-
قىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ، ئۇ-
نىڭغا كۆپ قېتىم : «كىچىككىڭدىن
باشلاپ دادا مېھرىنى كۆرمىدىڭ ، بانكا
باشلىقلىقىغا ئېرىشىشىڭ ئاسانغا
توختىمىغان . ئۆزۈڭنى دېمىسەڭمۇ ،
خوتۇن ـ بالىلىرىڭنى ئويلاپ خىز-
مىتىڭدىن ئايرىلىپ قالما» دەپ نە-
سىھەت قىلىدۇ . لېكىن ، لى كېچىڭ
ئاپىسىنىڭ نەسىھەتلىرىنى قېتىغى-
مۇ ئېلىپ قويمايدۇ . بۇنىڭ بىلەن
ئاپىسى ئاچچىقتىن ئۆزاققا بارمايلا
ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قا-
لىدۇ . ئاپىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كې-
يىن لى كېچىڭ ھەتتا ئۇنىڭ ئاخى-
رەتلىك ئىشلىرى ئۈچۈنمۇ پۇل
خەجلەشكە كۆزى قىيماي ، لى جۈڭ-
سۈنى چاقىرتىپ كېلىپ موماينىڭ
ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى ئۇنىڭغا
قىلدۇرىدۇ . لى جۈڭسۈ ئۇنىڭ ئالدىدا
بىر نەرسە دېيەلمەي ، كەينىدىن تىل-
لاپ يۈرسىمۇ ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت
قىلالماي ، يۈزىنى قېلىن قىلىپ
يەندۇ ناھىيىسى فەنخۇاڭ يېزىسىنىڭ
رەھبەرلىرىنى ئىشقا سالىدۇ . يېزا
رەھبەرلىرى لى جۈڭسۈنىڭ يۈزىنى
دەپ بىر نەچچە قېتىم مەسلىھەتلى-
شىپ يۈرۈپ ئاخىرى يېزىنىڭ پۇلى-
دىن 4800 يۈەن ئاجرىتىپ ئەلڭ تۆۋەن
باھادا يەرلىكتىن بىرنى سېتىۋېلىپ ،
لى كېچىڭنىڭ ئاپىسىنىڭ ئاخىرەت-
لىك ئىشىنى ھەل قىلىپ بېرىدۇ .
شۇنداق قىلىپ لى كېچىڭ بىر تى-
يىنمۇ خەجلىمەي ئاپىسىنى ئۇزىتىپ
قويىدۇ . شۇ يەرلىك ئاممىا مەسخىرە
قىلىپ : «لى بانكا باشلىقى راستى-
تىنلا نائەھلى ئادەمكەن ، ئۇنىڭ ئاشنا
بېقىشقا پۇلى باركەنۇ ، ئاپىسىنى
دەپنە قىلىشقا پۇلى يوقكەن» دېيى-
شىدۇ .

لى كېچىڭنىڭ پارا ئالغانلىق ،
خىيانەت قىلغانلىق دېلوسى ئا-
خىر ئاممىا تەرىپىدىن پاش قى-
لىندى . ئۇ ئۆزىنىڭ ئەيش ـ
ئىشرەت ، كەيپ ـ ساپا بىلەن
ئۆتكەن 10 يىللىق ھاياتى بەدىلىگە
11 يىللىق تۈرمە ھاياتىنى تې-
گىشتى . پايدىنىڭ چوڭىغا ئې-
رىشكەن خۇا رۇي ئىلگىرىكىدەك
بىخارامان ھالدا ھاياتىنىڭ پەيزىنى
سۈرۈپ يۈرىۋەردى . ئۇ تېخى ياش ،
ئۇنىڭ ئەمدىكى نىشانى كىم بولار ؟
ئەي ئاقكۆڭۈل كىشىلەر ، كاللاڭلا-
رنى سىلكىۋېتىپ ، ھوشيار بو-
لۇڭلار !

(ماقالىدىكى خۇا رۇي ئۆزگەرتىلگەن
ئىسىم)

**قەمبەرگۈل ئابلىمىت تەرجىمىسى**




1

1994 ـ يىلىنىڭ بېشىدا بىر نەچچە تەپتىش ئەمەلدارى 35 ياشلىق پېڭ تەيلۇنىڭ قولىغا سوغاق كويزا سالغان چاغدا ئۇلاردىن بىرەرسىمۇ بۇ كويزا سېلىش بىلەن جۇڭگو ئۈچۈن ، ھەتتا دۇنيا ئۈچۈنمۇ زور ئەھمىيەتلىك بولغان «پېڭ كودلۇق خەنزۇچە خەت كىرگۈزۈش ئۇسۇلى» نىڭ بارلىققا كېلىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى .

ئەينى چاغدا پېڭ تەيلۇ بىر تىجارەتچى ، يەنى يول تاپالماي ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان تىجارەتچى ئىدى . ئۇ سودىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا ئالدىراپ ، يولنى خاتا بېسىپ قالغانلىقتىن ، ئىقتىسادىي جىنايەتچىگە ئايلىنىپ قالغانىدى .

ئۇزۇن ئۆتمەي پېڭ تەيلۇغا جازا ھۆكۈم قىلىندى ، ئۇ شاڭخەيدىكى مەلۇم بىر تۈرمىگە ئەۋەتىلدى . ئېغىر ئۆتكۈزگەن جىنايىتىنىڭ ئاقىۋىتى دەرھاللا كۆرۈلۈشكە باشلىدى : ئايالى ئۇنىڭ قىلمىشىغا غەزەپلىنىپ نىكاھتىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلدى ، تۈرمىدە ياتقان پېڭ تەيلۇنىڭ بۇنىڭغا قوشۇلماي ئامالى يوق ئىدى . جاپالىق تۈرمە ھاياتى ئۇنىڭ پسىخىكىسىغا غايەت زور تەسىر كۆرسىتىپ ، ئىنتايىن كۈچلۈك روھىي بېسىم ئېلىپ كەلدى . پۇشايمان ئىچىدە قالغان پېڭ تەيلۇ كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزەتتى ، ھەتتا ئۆلۈۋېلىش خىيالىغىمۇ كەلگەنىدى .

تۈرمە نازارەتچىلىرى پېڭ تەيلۇنىڭ ئەھۋالىغا دىققەت قىلىپ ، ئۇنىڭغا ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلەش زۆرۈر دەپ قارىدى ھەمدە ئۇنىڭغا ، ئۆز جىنايىتىنىڭ جەمئىيەتكە ، ئائىلىسىگە كەلتۈرگەن زىيىنىنى تولۇق تونۇشى كېرەكلىكى ، تېخىمۇ مۇھىمى ، قايتىدىن روھلىنىپ ، دادىللىق بىلەن رېئاللىققا يۈزلىنىپ ، ئۆزىنى ئۆزگەرتىپ يېڭى ئادەم بولۇشى كېرەكلىكى توغرىسىدا تەربىيە بەردى .

تۈرمىدە پېڭ تەيلۇ بىلەن ئۇچراشقانلىكى ئادەم ئۇنىڭ ئەقىللىقلىقىنى ئېتىراپ قىلاتتى . ئۇنىڭ ئەقىللىقلىقى كادىرلارنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن تەربىيىسىنى چۈشىنىشى ۋە ئۆزلەشتۈرۈشىدە ئىپادىلەندى . پېڭ تەيلۇ ناھايىتى تېزلا دەسلەپكى ئۈمىدسىزلىك ئازابىدىن قۇتۇلۇپ ، «يىقىلغان جايىدىن قايتا دەس تۇرۇپ» يېڭى ئادەم بولۇش ئىرادىسىنى تىكلىدى .

بۇ تۈرمىنىڭ تەلىم ـ تەربىيە ، ئۆزگەرتىش بۆلۈمى تۈرمىدىكى بارلىق مەھبۇسلار ئۈچۈن «يېڭى سادا گېزىتى» چىقىراتتى . پېڭ تەيلۇ قايتىدىن يېڭى ئادەم بولۇش ئىرادىسىنى تىكلىگەن چاغدا «يېڭى سادا گېزىتى» دە ، جياڭسۇدىكى ئۆلۈم جازاسىغا بۇيرۇلغان بىر مەھبۇسنىڭ بىرىنچى سوت ھۆكۈمىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن چەكلىك ۋاقىت ئىچىدە بىر خىل كەشپىياتنى بارلىققا كەلتۈرۈپ ، تۆھپە يارىتىشقا ھەمدە بۇ ئارقىلىق قانۇن بويىچە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشكە بەل باغلىغانلىقى ، تۈرمە خادىملىرى ئۇنى قوللاپ ، ھەرخىل قولايلىقلارنى يارىتىپ بەرگەنلىكى ، ئاخىرىدا ئۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ ، بىر كەشپىياتنى بارلىققا كەلتۈرۈپ ، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەنلىكى ، سوت مەھكىمىسى

ھەقىقەتەن قانۇن بويىچە جازانى يېنىكلىتىپ ، ئۇنىڭ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغانلىقى توغرىسىدا بىر خەۋەر بېسىلدى .

بۇ خەۋەرنىڭ پېلىڭ تەيلۇگە كۆرسەتكەن تەسىرىنى كىچىك چاغلىغىلى بولمايتتى : ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان بىر جىنايەتچى چەكلىك ۋاقىت ئىچىدە غايەت زور روھىي بېسىمنى يېڭىپ ، بىر خىل كەشپىياتنى بارلىققا كەلتۈرۈپتۇ ! مەنچۇ ؟ مەنمۇ ئاشۇ جىنايەتچىدىن ئۆگىنىپ ، كەشىپ قىلىش ئارقىلىق ئۆز تەقدىرىمنى ئۆزگەرتسەم ھەمدە بۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتكە تۆھپە قوشسام بولامدۇ ـ يوق ؟

پېلىڭ تەيلۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئويى ـ پىكىرىنى كادىرلارغا ئېيتتى . كادىرلار ئۇنى قوللاپ : «ئەگەر ھەقىقەتەن مۇشۇنداق قىلىشنى ئويلىساڭ ، بىز ساڭا شارائىت يارىتىپ بېرىمىز» دېيىشتى .

شۇنىڭ بىلەن پېلىڭ تەيلۇ تۈرمىدە كەشپىيات بىلەن شۇغۇللىنىش ئىرادىسىگە كەلدى . ئەمما ، قانداق قىلىش كېرەك ؟ ئۇ گەرچە ئەقىللىق بولسىمۇ ، لېكىن ھېچقانداق ئالىي مەكتەپ يۈزىنى كۆرمىگەن ، تەبىئىي پەن جەھەتتىكى بىلىملىرىمۇ كەمچىل بولغان ئەھۋالدا بىرەر نەرسىنى كەشىپ قىلىش ئاسان ئىشمۇ ؟ ئۇ ئۆزىدىكى ئارتۇقچىلىقلارنى تەھلىل قىلىپ كۆردى : ئۇ خەتنى ناھايىتى چىرايلىق يازاتتى ، شۇڭا خەتتاتلىق مۇسابىقىسىدە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنىدى . ھۆنەر ـ سەنئەت بويۇمى ياساشقا ئۇستا ئىدى ، ئەسكى قەغەز دۆۋىسىدىن خالىغانچە بىر نەچچە رەڭلىك قەغەزنى ئېلىپلا كېلىشتۈرۈپ بىر ھۆنەر ـ سەنئەت بۇيۇمى ياسىيالايتتى . شۇنداق چىرايلىق ياسايتتىكى ، ھەتتا ئۇنى ھۆنەر ـ سەنئەت بۇيۇمى دۇكىنىغا تىزىپ قويۇپ ساتسىمۇ خېلى پۇلغا يارايتتى . شۇڭا ، كەشىپ قىلىمەن دېسە ، ئۆزىنىڭ مۇشۇ ئالاھىدىلىكلىرى جەھەتتىن ئويلاشمىسا بولمايتتى . پېلىڭ تەيلۇ بىر نەچچە كېچىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈپ ، ئاخىرى خەتتاتلىق ھۈنىرىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن يېزىق جەھەتتىكى كەشپىيات بىلەن شۇغۇللىنىپ ، خەنزۇچە خەتنى كومپيۇتېرغا كىرگۈزۈشنىڭ يېڭى كود تەرتىپىنى كەشىپ قىلىش قارارىغا كەلدى .

2

پېلىڭ تەيلۇ بۇرۇن كومپيۇتېرنىڭ يېنىغا كېلىپ باقمىغانىدى ، «خەنزۇچە خەتنى كىرگۈزۈش ئۇسۇلى» دېگەنمۇ خەۋىرى يوق ئىدى . لېكىن ، ئۇ خەنزۇچە خەتلا بولغانىكەن ، ئۇنى چوقۇم قىلىشقا بولىدۇ ، بەلكى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىنمۇ ئۈمىد بار دەپ قارايتتى .

ئۇ چاغدا جەمئىيەتتە ئېقىۋاتقان خەنزۇچە خەت كىرگۈزۈش ئۇسۇللىرىدىن بەش بىخۇالىق كىرگۈزۈش ئۇسۇلى ، خەنزۇچە پىنيىن ھەرپلىرى بويىچە كىرگۈزۈش ئۇسۇلى ۋە تولۇق سىفىرلىق كىرگۈزۈش ئۇسۇلىدىن ئىبارەت ئۈچ خىلى بار ئىدى . بۇ ئۈچ خىل ئۇسۇلدىن ئالدىنقى ئىككى ئۇسۇل كەڭ دائىرىدە قوللىنىلىۋاتاتتى . پېلىڭ تەيلۇ ئۆز ھېساباتى (مەھبۇسلارنىڭ تۈرمىدىكى ئامانەت تالونى) دىن پۇل ئېلىپ كادىرلاردىن ئالاقىدار ماتېرىياللارنى سېتىۋېلىپ ئەكىلىپ بېرىشنى ئۆتۈندى . ئۇدا بىر نەچچە كۈن كىتاب كۆرۈش ئارقىلىق بۇ ئۈچ خىل خەت كىرگۈزۈش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىچە ئارتۇقچىلىقلىرى بولۇش بىلەن بىرگە يەنە ھەل قىلىنىش تەس بولغان يېتەرسىزلىكلىرى بار ئىكەنلىكىنى بايقىدى . بەش بىخۇالىق كىرگۈزۈش ئۇسۇلىدا ، خەت يىلتىزى بەك كۆپ بولۇپ ، 130 دىن ئاشاتتى . دەسلەپكى ئۆگەنگۈچىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا بۇ روشەن توسالغۇ ئىدى . ئۇنىڭدىن باشقا ، بۇ ئۇسۇل خەنزۇچە خەتنىڭ قول يازما بىخۇا تەرتىپى بويىچە لايىھىلەنگەن بولۇپ ، خەنزۇچە خەتنىڭ قول يازما بىخۇا تەرتىپى بەكمۇ مۇرەككەپ ئىدى . شۇڭا ، ئۇنى خەلقئاراغا يۈزلەندۈرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى . خەنزۇچە پىنيىن ھەرپى بويىچە كىرگۈزۈش ئۇسۇلىدا دەسلەپكى ئۆگەنگۈچىلەر ئۈچۈن توسالغۇ يوق ، خەنزۇچە پىنيىنىنى بىلىدىغانلا بولسا دەرھال قوللىنىشقا بولىدىغان بولسىمۇ ، لېكىن تونۇمىغان خەتلەرنى تېپىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى . ئۇنىڭدىن باشقا «ئالدى دىماق تاۋۇش» ، «ئارقا دىماق تاۋۇش» ، «تىترەك تاۋۇش» دېگەنلەرنى جەنۇبلۇقلارنىڭ پەرقلەندۈرۈشى بەكمۇ تەسكە توختايتتى . توغرا تەلەپپۇز قىلىشنى بىلمىسە ، پىنيىن

ئارقىلىق خەتنى تېپىش ۋە كىرگۈزۈش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. تولۇق سىفىرلىق خەت كىرگۈزۈش ئۇسۇلىدا بولسا، يانداشما باش بۆلەكلەر بويىچە رەتكە تىزىلغان بولۇپ، ئوتتۇرا ياشلىقلار، ياشانغانلار ئۈچۈن ئېيتقاندا يادلاش، ئەستە تۇتۇش مىقدارى بەك كۆپ بولۇش مەسىلىسى بار ئىدى. يەنە كېلىپ ھەربىر خەتتە تۆت كونۇپكىنى بېسىشقا توغرا كەلگەنلىكتىن، سۈرئىتى ئاستا بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ئۈچ خىل ئۇسۇلنىڭ ھەممىسىدە خەنزۇ تىلىنى ئانا تىلى قىلغان مىللەتلەر، دۆلەت (رايون) لەردىكى كىشىلەر ئوبيېكت قىلىنغان بولۇپ، دۆلىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ياكى چەت ئەللىكلەر مۇشۇ ئۇسۇللار بويىچە خەت كىرگۈزۈشنى ئۆگەنمەكچى بولسا، ئالدى بىلەن خەنزۇچە خەتنىڭ قۇرۇلمىسى، توغرا يېزىش تەرتىپى ياكى توغرا ئوقۇلۇش تەلەپپۇزىنى ئۆگىنىشكە توغرا كېلەتتى. بۇ ئەلۋەتتە ئىنتايىن زور بىر توسالغۇ ئىدى.

زىيارەت قىلغان چېغىمىزدا پېڭ تەيلۇ خەنزۇ خېتىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، جۇڭگولۇقلارنىڭ چەت ئەل تىلى، بولۇپمۇ ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنىشى ئەلۋەتتە زۆرۈر، چۈنكى بۇ تاشقى ئالاقىنى كۈچەيتىشنىڭ ئېھتىياجى. لېكىن، جۇڭگونىڭ كۈنسايىن قۇدرەت تېپىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، نۇرغۇن چەت ئەللىكلەرمۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن جۇڭگو بىلەن بېرىش ـ كېلىش قىلىشقا، ئالاقە باغلاشقا مۇھتاج بولىدىغانلىقى شۈبھىسىز. ئۇلار خەنزۇچە خەت كىرگۈزۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىشى تۇرغان گەپ. بۇنداقتا خەنزۇ يېزىقىنىڭ «ئەلمىساقتىن بۇيانقى» يېتەرسىزلىكى ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا، پېڭ تەيلۇدە خەنزۇ يېزىقىنى ئاساس قىلغانلار بىلەن خەنزۇ يېزىقىنى ئاساس قىلمىغانلار ئوخشاش قوللىنىشقا، ئاددىي ھەم ئاسان ئۆگىنىۋېلىشقا بولىدىغان بىر خىل خەنزۇچە خەت كىرگۈزۈش ئۇسۇلىنى ئىجاد قىلىشقا بولامدۇ ـ يوق؟ دېگەن تەسەۋۋۇر بارلىققا كەلگەنىدى.

پېڭ تەيلۇ قايتا ـ قايتا پىكىر يۈرگۈزگەندىن كېيىن بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىنچىلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. ئۇنىڭ دەسلەپكى تەسەۋۋۇرى: خەتنىڭ يېزىلىش تەرتىپى، يانداشما باش بۆلەكلىرى، ئوقۇلۇشىنى كىرگۈزۈش شەرتى قىلماستىن، خەنزۇچە خەت بىخۇالىرىنىڭ ئاساسىي شەكلىنى كىرگۈزۈش شەرتى قىلىپ رەتلەپ چىقىش ئىدى. مۇشۇ تەسەۋۋۇر بويىچە ئۇ بىر كود جەدۋىلىنى تۈزۈپ چىقتى.

ئارقىدىنلا ئۇ كادىرلار ئارقىلىق «ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلى لۇغىتى» «ئوكيانىس. سۆز بۆلىكى قوللانمىسى» نى سېتىۋېلىپ، كود جەدۋىلىدىكى ئۆلچەم بويىچە 16 مىڭدىن ئارتۇق خەتنىڭ ھەممىسىنى كودلاشتۇرۇپ، كېيىن ئۇنىڭ ئىچىدىن دائىم ئىشلىتىلىدىغان 6763 خەتنى تاللاپ قايتىدىن تىزىپ، 1 ـ نۇسخىدىكى كودنى تۈزۈپ چىقتى.

بىر مەھبۇسنىڭ تۈرمىدە تۇرۇپ بۇ خىل كەشپىيات بىلەن شۇغۇللىنىشى ئاسان ئەمەس ئىدى. ئۇ يولۇققان قىيىنچىلىقلارنى تۈرمە سىرتىدىكى ئادەملەر تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى: كىشىلىك ئەركىنلىكى چەكلىمىگە ئۇچرايدىغان بولغاچقا، كامىرغا كىرىش ـ چىقىش، مەشغۇلات ۋاقتى، ئەمگەك ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، خىزمەت سورۇنى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى كەشپىياتنى بىر باشقا چىقىرىشقا توسالغۇ بولىدىغان مەسىلىلەر ئىدى. تەلىيىگە، پېڭ تەيلۇ كادىرلارنىڭ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشىگە ئېرىشتى. ئۇنىڭ كەشپىياتىنى قوللاش يۈزىسىدىن كادىرلار ئۇنى جىسمانىي ئەمگەكتىن باشقا ئىشلارغا ئورۇنلاشتۇردى ھەمدە مەخسۇس بىر كامىرنى بوشىتىپ ئۇنىڭغا خىزمەت ئۆيى قىلىپ بەردى. كامىرغا كىرىش ـ چىقىش ۋە مەشغۇلات ۋاقتى جەھەتتىمۇ ئىلاستىكىلىق ئېتىبار بەردى.

1 ـ نۇسخىدىكى كود جەدۋىلى پەقەتلا بىر يېرىك سىخېما بولۇپ، يەنە نۇرغۇن قېتىم تۈزىتىشكە توغرا كېلەتتى. بۇ چاغدا پېڭ تەيلۇ زور قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى: ئۇنىڭ كەشپىياتىدا خىزمەت مىقدارى ئىنتايىن زور بولۇپ، پەقەت ئىنگلىزچە ھەرپ بويىچە ئىشلەپ چىققان كود سىخېمىسىلا 26 دىن كۆپ ئىدى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن مىقداردا كېسىش، چاپلاش، تىزىش ۋە قايتا ـ قايتا كۆچۈرۈش، كارتا تۈزۈش ئىشلىرى بار ئىدى. بۇنى ئۇ

يالغۇز ئۆزى ئىشلەپ بولۇشقا توغرا كەلسە، قانچىلىك ئۇزۇن ۋاقىت كېتىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە ماتېرىيال مەنبەسىمۇ ھەم تۈرمىدە تۇرۇپ كۆچۈرمە نۇسخىسىنى تەييارلاشمۇ بىر مەسىلە ئىدى. بۇ قىيىنچىلىقلار پېك تەيلۇنىڭ تازا بېشىنى قاتۇردى، ئۇ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرغان چاغدا، تۈرمە كادىرلىرى ئۇنىڭغا ۋاقتىدا كۆڭۈل بۆلۈپ، تۈرمىدە بۇرۇن ئىشلەپچىقىرىشقا ئائىت ئىشلارغا ئىشلىتىپ تاشلىنىپ قالغان كارتىلارنى يىغىپ ئۇنىڭغا بەردى، نۇسخا كۆچۈرىدىغان ئورۇننى تېپىپ ئۇنىڭ كۆچۈرمە نۇسخا تەييارلىشىغا ياردەملەشتى ھەمدە ياردەملىشىش ئۇچۇن باشقا مەھبۇسلارنى ئۇنىڭ يېنىغا ئەۋەتىپ تۇردى، ئەڭ كۆپ بولغان چاغلاردا 30 چە مەھبۇسنى ئەۋەتتى.

پېك تەيلۇ تەييارلىغان كودنىڭ بىر جايىنى ئۆزگەرتكەندە، پۈتۈن خەنزۇ خېتى تەرتىپىنى باشقىدىن ئۆزگەرتىپ تىزىشقا توغرا كېلەتتى. ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 27 قېتىمدىن ئارتۇق ئۆزگەرتتى، ئۇنىڭغا كەتكەن قەغەزنى قاتلىسا، بىر مېتىر ئېگىزلىكتە بولاتتى. كارتىلار قوشۇلۇپ پۈتۈن بىر ئىشكاپ لىققىدە توشۇپ كەتكەنىدى.

1995 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، 300 كېچە ـ كۈندۈز ھەپىلىشىپ، ھېسابلىغۇسىز ئەقلىي كۈچىنى سەرپ قىلغان پېك تەيلۇ ئاخىرى ئۆزى كەشىپ قىلغان خەنزۇچە خەت كىرگۈزۈش ئۇسۇلىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تۈزۈپ چىقتى. شۇ ئايدا تۈرمىگە ئۇنى كۆرگىلى كەلگەن ئاتىسىغا «ئۈچ سىفىرلىق خەت شەكلى بويىچە كىرگۈزۈش ئۇسۇلى» دەپ ئات قويۇلغان بۇ ئۇسۇلنىڭ ماتېرىيالىنى تاپشۇرۇپ، دۆلەت پاتېنت ئىدارىسىغا ئىلتىماس قىلىشنى ھاۋالە قىلدى. ئاتىسى پېك تەيلۇنىڭ ئۆز گۇناھىنى يۇيۇپ دۇرۇس ئادەم بولۇشتىكى ئەمەلىي ھەرىكىتىنى ئىنتايىن قوللاپ، مەخسۇس ئادۋوكات تەكلىپ قىلىپ پاتېنت ھوقۇقىغا ئىلتىماس قىلىش ئىشلىرىنى پۈتتۈرۈشكە كىرىشتى.

3

تۈرمە تەرەپ پېك تەيلۇنىڭ بۇ كەشپىياتىغا ئېتىبار بىلەن قاراپ، مەخسۇس كادىر ئاجرىتىپ، «ئۈچ سىفىرلىق خەت شەكلى بويىچە كىرگۈزۈش ئۇسۇلى» ئۈستىدە باھالاش ئېلىپ باردى، ئاندىن ئۇنى شاڭخەي شەھەرلىك ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئىدارىسى (ھازىرقى تۈرمە باشقۇرۇش ئىدارىسى)غا يوللىدى. شەھەرلىك ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئىدارىسىمۇ بۇ كەشپىياتقا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇنى مەملىكەتلىك 9 ـ نۆۋەتلىك «ئۇچقۇن لوڭقىسى» كەشپىيات مۇسابىقىسىغا قاتنىشىشقا ئىلتىماس قىلىش قارارىغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە تۈرمە يەنە پېك تەيلۇنىڭ تۈرمىدە تۇرۇپ كەشپىيات بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى ئۆزىنى تىرىشىپ ئۆزگەرتىشىنىڭ ئىپادىسى دەپ بىلىپ، خەلق سوت مەھكىمىسىگە جازا مۇددىتىنى قىسقارتىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى.

1995 ـ يىلى 10 ـ ئايدا خۇش خەۋەر ئارقا ـ ئارقىدىن يېتىپ كەلدى: پېك تەيلۇنىڭ بۇ كەشپىياتى 3 ـ دەرىجىلىك «ئۇچقۇن لوڭقىسى» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. سوت مەھكىمىسى



پېك تەيلۇنىڭ جازا مۇددىتىنى بىر يىل قىسقارتتى.

لېكىن، پېك تەيلۇ بۇ باھالاشقا ئانچە قايىل بولمىدى، ئۇ «ئۈچ سىفىرلىق خەت شەكلى بويىچە كىرگۈزۈش ئۇسۇلى»نىڭ يوشۇرۇن قىممىتىنى سەل چاغلاشقا بولمايدۇ. 3 ـ دەرىجىلىكتىنمۇ يۇقىرىراق باھالىنىشى كېرەك ئىدى، دەپ قارايتتى. دەل مۇشۇ چاغدا ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جۇ جىمىن ئۇ جازا ئۆتەۋاتقان تۈرمىگە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە كەلدى. پېك تەيلۇ يۈرەكلىك بىلەن ئۆز قارىشىنى ئىدارە باشلىقىغا بايان قىلدى. جۇ ئىدارە باشلىقى پېك تەيلۇنىڭ پىكرىنى يۈز تۇرانە ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن بۇ كەشپىياتنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇزاكىرىلەشتى ھەمدە ئىدارىدىكى بىر

كومپيۇتېر مۇتەخەسسىسىنى مەخسۇس ئەھۋالنى سۈرۈشتۈرۈش ئۈچۈن پېلىڭ تەيلۇنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى .

پېلىڭ تەيلو بۇ كەشپىيات ئاخىرى كومپيۇتېردا ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ ، «ئۈچ سىفىرلىق خەت شەكلى بويىچە كىرگۈزۈش ئۇسۇلى» نى يۇمشاق دېتال قىلىپ ئىشلەپچىقىپ كومپيۇتېرغا كىرگۈزۈپ ، بىر تەرەپتىن ، ئىشلىتىپ ، بىر تەرەپتىن ، تۈزىتىشنى ئويلىدى . بىراق ، بىر مەھبۇس ئۈچۈن ئېيتقاندا ، ئۆزىگە تەۋە بولغان ۋە خالىغان چاغدا ئىشلىتەلەيدىغان بىر كومپيۇتېرغا ئىگە بولۇش ، ئالتە يىل ئالدىدىلا ئەمەس ، بەلكى ھازىرقى شارائىتتىمۇ ئانچە مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئىدى . پېلىڭ تەيلو ئىدارە باشلىقى بىلەن كۆرۈشكەندە بۇ تەلىپىنى يۈز تۇرانە ئوتتۇرىغا قويۇپ ، ئادەتتىن تاشقىرى ئىجازەتكە ئېرىشتى .

ئۇزۇن ئۆتمەي پېلىڭ تەيلۇنىڭ ئاتىسى تېجەشلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپ يىغقان پۇلىغا سېتىۋالغان شۇ چاغدىكى ئەڭ ئىلغار «486» تىپلىق كومپيۇتېرنى تۈرمىگە يەتكۈزۈپ بەردى . بۇ شاڭخەيدىكى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش سىستېمىسى ، بەلكىم پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش سىستېمىسىدا جازا ئۆتەۋاتقان مەھبۇسلار ئۈچۈن ئېيتقاندا بىردىنبىر بەھرىمەن بولالىغان ئالاھىدە ئىجازەت ئىدى .

پېلىڭ تەيلو بۇرۇن كومپيۇتېر بىلەن زادىلا ھەپىلىشىپ باقمىغانىدى ، ھازىر كومپيۇتېر مەشغۇلاتىنى ئۆگىنىپلا قالماستىن ، بەلكى يەنە ئۆزىنىڭ كەشپىياتىنى يۇمشاق دېتال قىلىپ ئىشلەپ كومپيۇتېرغا كىرگۈزۈپ ، ئىشلىتىش ۋە تۈزىتىشكە توغرا كېلەتتى . شۇبھىسىزكى ، بۇ بىر قىيىن ئۆتكەل ئىدى . پېلىڭ تەيلو كادىرلار ئارقىلىق جەمئىيەتتە سېتىۋېلىشقا بولىدىغانلىكى بارلىق كومپيۇتېرغا ئائىت كىتابلارنى ئالدۇرۇپ كېلىپ ، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئوقۇشقا كىرىشتى . ئۇ ، بۇ كومپيۇتېرغا ئائىت كىتابلارنى ئادەم يېزىپ چىققانىكەن ، ئۇنداقتا مەنمۇ جەزمەن ئوقۇپ چۈشىنەلەيمەن ۋە ئۆگىنىۋالالايمەن دېگەن بىر نۇقتىغا قەتئىي ئىشىنەتتى .

تۈرمە تەرەپ بۇ ئىشقا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ ، كومپيۇتېردىن ئاز ـ تولا خەۋىرى بار ئىككى كادىرنى ھەر ۋاقىت ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىپ تۇرۇشقا ئورۇنلاشتۇردى . پېلىڭ تەيلو ھەقىقەتەن ئەقىللىق بولۇپ ، يېرىم ئاي بولمايلا كومپيۇتېردا پىششىق مەشغۇلات قىلالايدىغان بولدى . ئارقىدىنلا «ئۈچ سىفىرلىق خەت شەكلى بويىچە كىرگۈزۈش ئۇسۇلى» تەرتىپىنى كود قىلىپ تۈزۈشكە كىرىشىپ ، ئىككى ئايدىن كېيىن ھېچقانداق ئۇستاز بولمىغان شارائىتتا ئۆزلىكىدىن تىرىشىپ بۇ قىيىن ئۆتكەلدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتتى .

ئەينى چاغدا كىشىلەر ئادەتتە «UCDOS» سۇپىسىنى ئىشلىتەتتى . پېلىڭ تەيلۇنىڭ خەت كىرگۈزۈش ئۇسۇلىنىڭ يۇمشاق دېتالىمۇ مۇشۇ سۇپىغا لايىقلاشتۇرۇپ ئىشلەنگەن بولۇپ ، بۇ ئۇسۇل ھەقىقەتەن ئاددىي ، ئاسان ئۆگىنىۋالغىلى بولىدىغان ، تېز ، قولايلىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىدى . شۇڭا ، ناھايىتى تېزلا كومپيۇتېر ئۆگىنىۋاتقان تۈرمە كادىرلىرىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىپ ، ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆگىنىش دولقۇنى كۆتۈرۈلۈپ ، قىسقىغىنا بىر نەچچە كۈندىلا ئۆگىنىۋېلىشتى ، ھەتتا تۈرمە باشلىقى ، تەپتىش ئەمەلدارلىرىمۇ ئۆگىنىشكە قاتناشتى .

لېكىن ، كىشىلەر ئۆزئارا تونۇشتۇرۇپ ، تازا ئالقىشلاۋاتقان چاغدا ، پېلىڭ تەيلو يوشۇرۇنچە ئاتىسىغا خەۋەر بېرىپ ، ئادۋوكاتىنىڭ دۆلەت پاتېنت ئىدارىسىگە تاپشۇرغان پاتېنت ھوقۇقى ئىلتىماسىنى قايتۇرۇۋېلىشنى ئۇقتۇردى . ئەسلىدە ، پېلىڭ تەيلو كونكرېت مەشغۇلات داۋامىدا «ئۈچ سىفىرلىق خەت شەكلى بويىچە كىرگۈزۈش ئۇسۇلى» نىڭ يېتەرسىزلىك جايلىرىنى بايقىغان بولۇپ ، ئۇنىڭغا زور تۈزىتىش كىرگۈزمەكچى ئىدى . شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ جەمئىيەتتىكى نۇرغۇن كومپيوتېر ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ «UCDOS» سۇپىسىنى تاشلاپ ، «Windows» سۇپىسىغا ئۆتكەنلىكىگە دىققەت قىلىپ ، ئۆز كەشپىياتىنىمۇ «Windows» سۇپىسى بويىچە لايىھىلىمەكچى بولدى .

پېلىڭ تەيلو ئۆزىنىڭ كەشپىيات يولىدىكى 3 ـ نۆۋەتلىك ھۇجۇمغا ئۆتتى (بىرىنچى نۆۋەتتىكىسى «ئۈچ سىفىرلىق خەت شەكلى بويىچە كىرگۈزۈش ئۇسۇلى» نى كەشىپ قىلىش ، 2 ـ نۆۋەتتىكىسى كومپيۇتېر مەشغۇلاتىنى ئۆگىنىش ۋە تەرتىپ پروگراممىسى تۈزۈش) . بۇ قېتىمقى ھۇجۇمغا تېخىمۇ كۆپ ۋاقىت ، تېخىمۇ كوپ زېھنىي كۈچ سەرپ قىلىشقا ھەمدە پروگراممىا تۈزۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تېخىمۇ كۆپ قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا توغرا كېلەتتى .

تۈرمە تەرەپ پېلىڭ تەيلوگە بۇرۇنقىدەكلا مەدەت بېرىپ ، تېخىمۇ قولايلىق شارائىت يارىتىپ بەرگەندىن

باشقا، يەنە داۋاملىق ئۇ ئۆزگەرتىپ چىققان كەشپىياتنى جەمئىيەتتىكى باھالاش مۇسابىقىلىرىغا ئەۋەتىپ تۇردى. 1996 - يىلى 4 - ئايدا پېيىڭ تەيلۇننىڭ كەشپىياتى «شاڭخەي شەھەرلىك مۇنەۋۋەر كەشپىيات تۈرلىرى مۇسابىقىسىنىڭ تاللاش مۇسابىقىسى»غا قاتناشتۇرۇلۇپ، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى ھەمدە شۇ يىلى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلىدىغان «96 يىللىق بېيجىڭ خەلقئارا كەشپىيات كۆرگەزمىسى»گە قاتنىشىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولدى.

«بېيجىڭ خەلقئارا كەشپىيات كۆرگەزمىسى» ھەر تۆت يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان كۆرگەزمە بولۇپ، ئۇنىڭدا جۇڭگو ۋە خەلقئارادا يېقىنقى تۆت يىلدىن بۇيان قولغا كەلتۈرۈلگەن نۇرغۇن كەشپىياتلار كۆرگەزمە قىلىناتتى. ئۇنىڭغا قاتنىشىش سالاھىيىتىگە ئېرىشىش ئاسان ئىش ئەمەس، مۇسابىقىدا مۇكاپاتقا ئېرىشىش تېخىمۇ كاتتا بىر ئىش ئىدى. تۈرمە تەرەپ سالماقلىق بىلەن ئويلىشىپ، ئاخىرىدا پېيىڭ تەيلۇننىڭ كەشپىياتىنى بېيجىڭغا ئاپىرىپ كۆرگەزمىگە قاتناشتۇرۇشنى قوللاش قارارىغا كەلدى.

بېيجىڭغا ئاپىرىپ كۆرگەزمىگە قاتناشتۇرۇش ھەرگىز كەشپىيات ماتېرىيالىنى بېيجىڭغا ئاپىرىپ بەرسىلا پۈتىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى، ئەكسىچە، كۆرگەزمە ئورنىنى ئىجارىگە ئېلىش، كەشپىيات نەتىجىسىنى كۆرگەزمە قىلىش، كەشپىيات نەتىجىسىنى تونۇشتۇرىدىغان ماتېرىياللارنى لايىھىلەش، بېسىپ تەييارلاش، نەق مەيداندا ھەرخىل سوئاللارغا جاۋاب بېرىش قاتارلىق نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە توغرا كېلەتتى. بۇلار ئۈچۈن ئادەم كۈچى سەرپ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى نەچچە ئون مىڭ يۈەنلەپ مەبلەغ كېتەتتى. بۇ پېيىڭ تەيلۇننىڭ شەخسىي كەشپىياتى بولۇپ، بۇنىڭدىن كېيىن ئېرىشكەن پاتېنت ھوقۇقى بولسۇن ياكى ئۇنىڭدىن كېلىدىغان ئىقتىسادىي مەنپەئەت بولسۇن ھەممىسى پېيىڭ تەيلۇننىڭ ئۆزىگە مەنسۇپ بولىدىغان بولغاچقا، بەلگىلىمە بويىچە بۇنىڭغا كېتىدىغان خىراجەتنى پېيىڭ تەيلۇننىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى كۆتۈرۈشكە توغرا كېلەتتى، تۈرمە تەرەپ پېيىڭ تەيلۇننىڭ كەشپىياتىنى قوللاش يۈزىسىدىن ئىككى كادىرنى بەلگىلەپ، خىراجىتىنى تۈرمە چىقىرىپ، پېيىڭ تەيلۇ كۆرسەتكەن ۋەكىل بىلەن بىرلىكتە بېيجىڭغا ئەۋەتىشنى قارار قىلدى.

پېيىڭ تەيلۇننىڭ ئاتا - ئانىسى مەسلىھەتلىشىپ، پۇل قەرز ئېلىپ بولسىمۇ بېيجىڭغا بېرىپ مۇسابىقىغا قاتنىشىش قارارىغا كېلىشتى. 1996 - يىلى 9 - ئايدا، پېيىڭ تەيلۇننىڭ ئاتىسى ئۇنىڭ ۋەكىلى بولۇپ، كەشپىياتنى كۆرگەزمە قىلىشقا ئىشلىتىش ئۈچۈن يېڭىدىن سېتىۋالغان كومپيۇتېرنى ئېلىپ، ئادۋوكات ۋە ئىككى نەپەر تۈرمە كادىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا مۇسابىقىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بېيجىڭغا يۈرۈپ كەتتى.

«96، بېيجىڭ خەلقئارا كەشپىيات كۆرگەزمىسى»نىڭ باھالاش ھەيئىتى كۆپلىگەن كەشپىيات تۈرلىرى ئىچىدە پېيىڭ تەيلۇننىڭ كەشپىياتىغا ئىنتايىن قىزىقىپ، ئۇنىڭ ئۆزگىچە ئارتۇقچىلىقى ۋە ئالاھىدىلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى ھەمدە ئاخىرىدا مىس مېدال مۇكاپاتىغا باھالىدى. شاڭخەي تەرەپ «بېيجىڭ خەلقئارا كەشپىيات كۆرگەزمىسى»نىڭ سالمىقىنى بىلگەچكە، 1996 - يىلى 10 - ئايدا ئېچىلغان «شاڭخەي مۇنەۋۋەر كەشپىياتلارنىڭ 10 يىللىق مۇۋەپپەقىيىتى كۆرگەزمىسى ۋە شاڭخەي شەھەرلىك پاتېنتلىق تېخنىكا ۋە مەھسۇلات يەرمەنكىسى»دە «ئۈچ سىفىرلىق خەت شەكلى بويىچە كىرگۈزۈش ئۇسۇلى»غا ئالتۇن مېدال مۇكاپاتى بەردى.

بۇ مۇكاپاتلار پېيىڭ تەيلۇ ئۈچۈن ئەڭ زور ئىلھام، شۇنداقلا جەمئىيەتنىڭ پېيىڭ تەيلۇننىڭ كەشپىياتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشى ئىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن، جازا مۇددىتىنى ئۆتىسە، يەنە بىر تەرەپتىن، داۋاملىق ئۆز كەشپىياتى بىلەن شۇغۇللاندى. 1998 - يىلى پېيىڭ تەيلۇ «Windows» سۇپىسىدا ئىشلىتىلىدىغان «پېيىڭ كودلۇق خەنزۇچە خەت كىرگۈزۈش ئۇسۇلى»نى تەييارلاپ پۈتتۈردى.

شۇ يىلى پېيىڭ تەيلۇننىڭ جازا مۇددىتى يەنە بىر قېتىم قىسقارتىلدى.

## 4

«پېيىڭ كودلۇق خەنزۇچە خەت كىرگۈزۈش ئۇسۇلى» ھەقىقەتەن بۇنى كەشىپ قىلغان پېيىڭ تەيلۇننىڭ دەسلەپكى تەسەۋۋۇرىغا يەتتى، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ كەتتى. بۇ ئۇسۇل ئاددىي، ئۆگىنىۋېلىش ئاسان بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سۈرئىتى تېز ھەم قولايلىق بولغاچقا، ئادەتتىكى ئادەملەرمۇ بىرەر ھەپتە ئۆگەنسىلا كومپيۇتېردا پىششىق مەشغۇلات ئېلىپ بارالايتتى. يېرىم ئاي ئۆتمەيلا نورمال سۈرئەت بويىچە ئېغىزدا ئېيتىپ بەرگەننى كومپيۇتېرغا كىرگۈزۈپ خاتىرىلىگىدەك دەرىجىگە يېتەلەيتتى. پېيىڭ تەيلۇ يەنە بىر قېتىم ئاتىسىغا

ھاۋالە قىلىپ ، دۆلەت پاتېنت ئىدا-
رىسىغا پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشىش
ئىلتىماسىنى سۇندى .
ئەينى چاغدا ، پېك تەيلۇنىڭ «ئۈچ
سىغىرلىق خەت شەكلى بويىچە كىر-
گۈزۈش ئۇسۇلى» نى ئۇ جازا ئۆتەۋاتقان
تۈرمىدىكى كادىرلار قوللىنىۋاتقان
بولۇپ ، بۇنىڭدىن تېخىمۇ ئەۋزەل
بولغان «پېك كودلۇق خەنزۇچە خەت
كىرگۈزۈش ئۇسۇلى» مەيدانغا كەل-
گەندىن كېيىن ، ئۇلار بۇ يېڭى ئۇ-
سۇلنى قوللىنىشقا باشلىدى ، تۈر-
مىدىكى جىنايەتچىلەرنىڭ مەخسۇس
ئارخىپىنى ئىشلىگۈچى تارماقمۇ مۇ-
شۇ خەت كىرگۈزۈش ئۇسۇلىنى قول-
لىنىدىغان بولدى . ناھايىتى تېزلا
«پېك كودلۇق خەنزۇچە خەت كىرگۈ-
زۈش ئۇسۇلى» تۈرمە كادىرلىرىنىڭ
سىرتقا تونۇشتۇرۇشى بىلەن بارا- بارا
جەمئىيەتكە تارقىلىشقا باشلىدى .
قىسقىغىنا بىر مەزگىل ئىچىدە
كەسپىي تىل- يېزىق بىلەن مۇنا-
سىۋەتلىك بولغان كىشىلەر ، مەسى-
لەن ، يازغۇچى ، مۇھەررىر ، مۇخبىر ،
كاتىپ ، ئادۋوكات ، دوختۇر ، سوت
ئەمەلدارى ، تەپتىش ئەمەلدارى قاتار-
لىقلار بۇرۇن ئۆگىنىپ بولغان ياكى
ھازىر ئۆگىنىۋاتقان باشقا خىلدىكى
خەنزۇچە خەت كىرگۈزۈش ئۇسۇللى-
رىدىن ۋاز كېچىپ ، «پېك كودلۇق
خەنزۇچە خەت كىرگۈزۈش ئۇسۇلى»
نى قوللىنىدىغان بولدى . تۈرمىگە
زىيارەت قىلىشقا كەلگەن مۇخبىرلار
بۇ خىل خەنزۇچە خەت كىرگۈزۈش
ئۇسۇلى بارلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن
كېيىن ، دەرھال پېك تەيلۇنى تېپىپ ،
يۇمشاق دېتال (سوفىت) نى كۆچۈرۈپ
ئېلىپ كېتىپ ئىشلىتىشكە باشلى-
دى . شەھەرلىك تۈرمە باشقۇرۇش ئى-
دارىسىدىكى كادىرلاردىن خىزمەت

ئورنى يۆتكەلگەنلىكتىن خەنزۇچە
خەت كىرگۈزۈش ئۇسۇلىنى ئۆگى-
نىشكە مۇھتاج بولغانلىرىمۇ مەخ-
سۇس تۈرمىگە كېلىپ پېك تەيلۇدىن
ئۆگىنىپ قويۇشنى ئۆتۈنىدىغان بو-
لۇشتى .
كىشىلەر «پېك كودلۇق خەنزۇچە
خەت كىرگۈزۈش ئۇسۇلى» نى تازا
ئالقىشلاۋاتقان پەيتتە ، پېك تەيلۇ ئە-
رەب رەقەملىرى كونۇپكىسى بويىچە
خەت كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى يېڭى
بىر ئەۋلاد خەنزۇچە خەت كىرگۈزۈش
ئۇسۇلىنى كەشىپ قىلىشقا تۇتۇش
قىلدى . بۇ كەشپىياتنى تېخى ئورۇن-
داپ بولماي تۇرۇپلا ، تۈرمە ئۇنىڭ جازا
مۇددىتىنى 3 - قېتىم قىسقارتىش
توغرىسىدا سوت مەھكىمىسىگە تەك-
لىپ بەردى .
2000 - يىلى 1 - ئايدا سوت مەھ-
كىمىسى پېك تەيلۇگە قالغان جازا
مۇددىتىنى پۈتۈنلەي كەچۈرۈم قىلىپ
دەرھال قويۇپ بېرىش توغرىسىدىكى
ھۆكۈم قارارىنى ئېلان قىلدى .
پېك تەيلۇ تۈرمىدىن چىققان-
دىن كېيىن ، يەنە ئەرەب رەقەم-
لىرىنى خەت كىرگۈزۈش كونۇپ-
كىسى قىلىدىغان «پېك كودلۇق
رەقەم بويىچە خەنزۇچە خەت كىر-
گۈزۈش ئۇسۇلى» نى كەشىپ قى-
لىش تەتقىقاتىنى داۋاملاشتۇردى .
2000 - يىلى 6 - ئايدا «پېك كود-
لۇق خەنزۇچە خەت كىرگۈزۈش
ئۇسۇلى» دۆلەت پاتېنت ئىدارى-
سىنىڭ پاتېنت ھوقۇقى گۇۋاھ-
نامىسىغا رەسمىي ئېرىشكەن
پەيتتە ، پېك تەيلۇنىڭ «پېك
كودلۇق رەقەم بويىچە خەنزۇچە
خەت كىرگۈزۈش ئۇسۇلى» مۇ
تەييار بولۇپ ، پروگراممىسى تۈزۈپ
سىناق تەرىقىسىدە ئىشلىتىش

باسقۇچىغا كىردى .
شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ،
پېك تەيلۇ يەنە «جۇڭخۇا تېبابەت
بەلگىلەش ئۈستىدىكى ئىلمىي
ئىزدىنىش مەنبەسى» دېگەن تې-
مىدىكى كەشپىيات بىلەن شۇ-
غۇللىنىپ ، شۇ يىلىلا مۇۋەپپە-
قىيەت قازاندى .
2001 - يىلى 5 - ئايدا پېك
تەيلۇ ئىلتىماس قىلىپ بىر
شىركەت قۇرۇپ ، ئۆزىنىڭ يۇقى-
رىقى بىر نەچچە تۈرلۈك كەشپى-
ياتىنى تاۋار سۈپىتىدە بازارغا
سالدى . بىر مەھەل نۇرغۇنلىغان
ئېلېكترونلۇق مەھسۇلاتلارنى ئې-
چىش كارخانىلىرى ، يۇمشاق دې-
تال ئىشلەش كارخانىلىرى ۋە
نەشرىيات ، كۆچمە تېلېفون يا-
ساش كارخانىلىرىنىڭ ۋەكىللى-
رى ئارقا - ئارقىدىن ئۇنىڭ شىر-
كىتىگە كېلىپ ھەمكارلىشىش
ئىشلىرى ئۈستىدە كېڭەشتى .
پېك تەيلۇ يېڭىدىن كەشىپ
قىلغان «پېك كودلۇق رەقەم بو-
يىچە خەنزۇچە خەت كىرگۈزۈش
ئۇسۇلى» دا خەنزۇچە خەت كىر-
گۈزۈش جەھەتتىكى يېڭى قاراشلار
گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولۇپ ، ئۇ لو-
غەت ، سۆزلۈك ، يان تېلېفونىنىڭ
خەنزۇچە خەت كىرگۈزۈش تەرتى-
پى ، «ئالقاندىكى گۆھەر» ، «تېز
تەرجىمە قىلغۇچى» ، «ياخشى
تەرجىمە قىلغۇچ» ، جۇڭگو -
چەتئەل تىلى تەرجىمە قورال كى-
تابلىرى قاتارلىقلاردا ئىشلىتىش-
كە تازا باب كېلىدۇ ، شۇڭا ئۇ كەڭ
تەدبىقلاش ئىستىقبالىغا ئىگە .

**مەخمۇت ئابدۇرېھىم تەرجىمىسى**



# بىر بوۋاينىڭ قىلتاققا چۈشۈشى

گوڭ سانخشىڭ

*2001 ـ يىلى دېھقانلار كالېنــدارى 9 ـ ئاي ـ نىڭ 9 ـ كۈنى ، يېشى 70 تىن ئاشقان ، مەلۇم دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ پېنسىيىگە چىققان ئىشچىسى جاڭ شىجى ئۆپا ـ ئەگىلىك پۇراپ تۇرغان يوتقان ئىچىدە ئۆلۈپ قالدى . بەزىلەر ، جاڭ بوۋاي ئەرزىنەس ئىش بىلەن ئۆلدى ، يېشى 70 تىن ئاشقاندا شۇنداق ئىشنىمۇ قىلامدۇ ، 50 مىڭ يۈەندىنمۇ ئايرىلدى ، جېنىدىنمۇ ئايرىلدى ، دېيىشتى . يەنە بەزىلەر ، جاڭ بوۋاي قېرىغاندا ياشلىقى تۇتۇپ ، ياش ، چىرايلىق قىزنى قوينىغا سېلىپ يېتىپ كۆڭۈل ئېچىپتۇ ، نېمە دېگەن قالتىس ـ ھە ! قىز ئالدىدا ئۆلۈشكىمۇ رازى بوپتۇ ، ئۆلگەندىمۇ پوخورلۇق بىلەن ئۆلۈپتۇ ، دېيىشتى .*

*قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر ، جاڭ بوۋاينىڭ خوتۇنپەرەسلىك قىلىپ جېنىدىن ئايرىلىشى كىشىلەرگە مەسخىرە كۈلكىسى قالدۇرۇپلا كەتمەستىن ، جەمئىيەتتىكى ياشانغانلارغا سىگنال بەردى .*

1964 ـ يىلى كۈزدە جاڭ شىجى دۇنيادىكى جەننەت دەپ ئاتالغان سىچۈەننىڭ شەرقىدىن غەربىي شىمالدىكى چېگرا رايونغا كېلىپ ، قۇربان تۇڭغۇت قۇملۇقىنىڭ غەربىي چېتىدىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بىر دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئورۇنلاشتى . ئۇ كەم سۆز ئادەم ئىدى ، خوتۇنى ئىككىسى كۈن چىقىش بىلەن تەڭ ئىشقا چىقىپ ، كۈن پاتقاندا قايتىپ كېلەتتى ، باشقىلار بىلەن كەمدىن كەم ئارىلىشاتتى ، ھەتتا باشقىلار بىلەن بىر پىيالە قايناقسۇ سۇنۇشـقىدەك باردى ـ كەلدىمۇ قىلىشمايتتى . ئۇ تۇرمۇشتا بەك تېجەشلىك ئىدى . مەسىلەن ، ئۆيىدە توك بار تۇرۇقلۇق ئۇلارنىڭ چىراغ ياندۇرغانلىقىنى ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغانىدى ، ھەر كۈنى قاراڭغۇ چۈشكەندە ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى چىراغ ياندۇرماي قاراڭغۇدا تىمىسقىلاپ تاماقنى يەپ ، قاچا ـ قۇچىلىرىنى يىغىشتۇراتتى . خوتۇنى ۋاڭ پىڭ يۇرتىدىن يېرىم ئۆتكۈز گوچلۇك رادىئو قوبۇللىغۇچتىن بىرنى ئالغاچ كەلگەنىدى ، جاڭ بوۋاي شۇنىڭغا باتارىيە ئېلىپ سېلىشقىمۇ كۆزى قىيمايتتى . قورۇما قورىغاندا ، ئۇ چوكىنى ياغقا چىلاپ ئېلىپ قازانغا تېمىتىپ قوياتتى ، مانا بۇ ياغ قويغانلىق بولاتتى .

ئۇ چاغلاردا ئۇ دېھقانچىلىق مەيدانىغا يېڭى كەلگەن ، مائاشى تۆۋەن بولغاچقا ، ئۇنىڭ تېجەشلىك بولۇشىنى توغرا چۈشىنىشكە بولاتتى . كېيىنكى كۈنلەردە ، دېھقانچىلىق مەيدانىدا تۈزۈلمە ئىسلاھاتى يولغا قويۇلۇپ ، مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى ، دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ تېز بېيىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىش ئۈچۈن ، يەر ئۈچۈن تاپشۇرىدىغان ھەق ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈلدى . بولۇپمۇ ئاشۇ يىللاردا ، شىنجاڭدا «تاۋۇز گازىرى» نى تالىشىپ سېتىۋېلىش دولقۇنى قوزغىلىپ ، باھاسى كىشىنى چۆچۈتكۈدەك ئۆسۈپ

كەتتى . جاڭ شىجېگە ئامەت كېلىپ ، ھەرىيلى 10 مىڭ يۈەنلەپ كىرىم قىلدى . ئۇنىڭ يانچۇقى تومپايدى . لېكىن ، تۇرمۇشىدا قىلچىلىك ئۆزگىرىش بولمىدى . ئۇ يېمەي ـ كىيمەي دېگۈدەك يىغىپ ، 1998 ـ يىلى پېنسىيىگە چىققاندا ، 50 نەچچە مىڭ يۈەنلىك ئامانەت چېكىنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالدى .

ئەر ـ خوتۇن ئىككىلىسى پېنسىيىگە چىقتى ، پېنسىيە مائاشىنى تولۇق ئالدى ، ئامانەت قويغان پۇلنى قانداق ئىشلىتىشنى ئويلاپمۇ قويمىدى . بەزىلەر ئۇنى «پىخسىق» دەپ زاڭلىق قىلىسىمۇ ، ئۇ كۆڭلىگە ئالمىدى .

«تەقدىرنىڭ قىسمىتى بار ، ياخشى كۈننىڭ يامىنى» دېگەندەك ، خوتۇنى ۋاڭ پىڭ تويۇقسىز ئاغرىپ قېلىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى ـ دە ، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى . جاڭ شىجې ھەسرەت چېكىش ، ئۆزۈقلۇق يېتىشمەسلىك تۈپەيلىدىن ، كۈندىن ـ كۈنگە ئورۇقلاپ كەتتى ، لېكىن ئۇنىڭ دوختۇرغا كۆرۈنۈش ئۈچۈن پۇل خەجلەشكە كۆزى قىيمىدى . قوشنىلىرى ئۇنىڭ بويتاقچىلىقتىن شۇنداق بولۇۋاتقانلىقىنى پەملەپ ، ئۇنىڭغا ئۆيلىنىۋېلىش توغرىسىدا مەسلىھەت بەردى . بۇ گەپ جاڭ شىجېنىڭ كۆڭلىگە ياغدەك ياقتى ، ئەمەلىيەتتە ، ئۇ ئاللىبۇرۇن شۇ ئويغا كەلگەن ، پەقەت ئاغزىدىن چىقىرالماي يۈرگەنىدى . ئەمدى خەقنىڭ ئاغزى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ خىجىللىقىنى يوشۇرۇپ ، خىيالىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش پۇرسىتى كەلگەنىدى .

ئەتىسى ئۇ دائىم بىللە قارت ئوينايدىغان ياڭ بوۋاينىڭ يېنىغا كېلىپ ، ئۇنىڭغا لايىق تېپىشىپ بېرىشنى ئېيتتى . ياڭ بوۋاي ئاغزىدا ماقۇل دېگىنى بىلەن ، ئارقىدا ئۇنى مەسخىرە قىلدى . نەچچە كۈندىن كېيىن ، جاڭ شىجې لى بوۋاينىڭ يېنىغا باردى ، لى بوۋاينىڭ ياردەم قىلغۇسى كەلدى . لېكىن ، قىزلىرى ئارتۇق ئىشقا ئارىلاشما دەپ توسۇپ قالدى ، بولۇپمۇ خوتۇنى قاتتىق قارشى چىقتى .

ئەمەلىيەتتە ئىشنىڭ بۇنداق بولۇشىدا باشقىلاردىن ئاغرىنىشقا بولمايتتى . جاڭ شىجې بەك پىخسىق ئىدى ، ئۇنىڭغا ياردەم قىلغان ئادەمگە بىر چىنە قايناقسۇ بېرىشكىمۇ قىيمايتتى ، ئۇنىڭغا تېگىپ ياخشى كۈنگە ئېرىشەلمىگەن ئايالنىڭ ئەلچىنى مىڭنى تىللىشى تۇرغان گەپ ئىدى .

جاڭ شىجې باشقىلاردىن ئۈمىدسىزلەنگەنسېرى ، ئۆلۈپ كەتكەن خوتۇنىنى ئەسلەيدىغان بولۇپ قالدى .

بىر كۈنى جاڭ شىجې بىر جاھان كەزدى تېۋىپ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى . پاراڭلىشىش جەريانىدا بىر يۇرتلۇق چىقىپ قالدى . شۇنىڭ بىلەن جاڭ شىجېنىڭ سېخىيلىقى تۇتۇپ كېتىپ ، ئۇ تېۋىپنى ئۆيىگە باشلاپ كېلىپ ، ئىككى تەخسە قورۇما قورۇپ ، بىر بوتۇلكا ھاراق ئەپكېلىپ مېھمان قىلدى . ھېلىقى تېۋىپ ئۆزىنىڭ فامىلىسىنىڭ خۇاڭ ئىكەنلىكىنى ، دوختۇرلۇق ئاتا ـ بوۋىسىدىن قالغان كەسىپ ئىكەنلىكىنى ، بوۋىسىنىڭ چىڭ سۇلالىسىدە ئوردا دوختۇرى بولغانلىقىنى ئېيتتى .

بۇ خۇاڭ فامىلىلىك دوختۇر ئۆزىنىڭ سۆزمەنلىكىگە تايىنىپ ، «خۇاڭدى ئىچكى كېسەللەر دەستۇرى» دىن «كېزىكنامە» گىچە ، يىڭنە بىلەن داۋالاشتىن قاراپ تەكشۈرۈش ، ئاڭلاپ تەكشۈرۈش ، سوراپ تەكشۈرۈش ، تۇتۇپ تەكشۈرۈشكىچە ئاغزى ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ بەردى ، جاڭ شىجې بوۋاي ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ كۆزلىرى چەكچىيىپلا قالدى ـ دە ، ئۇنىڭ ھەقىقەتەن ئۇستا دوختۇر ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ قالدى .

تاماقتىن كېيىن بىر دەم پاراڭلىشىپ ، خۇاڭ دوختۇر جاڭ شىجېنىڭ ئەھۋالىنى يىپىدىن ـ يىڭنىسىغىچە بىلىپ بولدى . بولۇپمۇ ئۇ جاڭ شىجې بوۋاينىڭ ئامانەت قويغان 50 مىڭ يۈەن پۇلىغا بەك قىزىقتى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ جاڭ شىجېغا ئۆيلىنىۋېلىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلدى . جاڭ شىجې بوۋاي :

— مېنى ئۆيلىنىمدى دەمسىز ؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە مېنىڭ ئوغلۇم يوق ، بىر قىزىم بار ئىدى ، ئۇ ياتلىق بولۇپ چىقىپ كەتتى ، مېنىڭ ھالىمدىن خەۋەر ئالىدىغانغا چولىسى تەگمەيدۇ ، ـ دېدى . خۇاڭ دوختۇر گەپنى ئۇلاپ :

— جاڭ ئەپەندىم ، ئەگەر خالىسىڭىز مەن سىزگە بىرنى تونۇشتۇرۇپ قوياي . يۇرتىمىزدا بىر نەۋرە سىڭلىم بار ئىدى ، ئۇنىڭ ئىسمى يۈيىڭ ، 26 ياشتا ، ئائىلىسى بەك نامرات بولغاچقا ، ئۇنى بالدۇرلا ياتلىق قىلىۋەتكەن ، لېكىن ئۇنىڭ ئېرى ئۇنى تولا ئۇرۇپ ـ تىللاپ ، كۆڭلىگە ئازار بېرىدىكەن . بىر چاغلاردا ئۇ 80 ياشلىق بوۋاي بولسىمۇ ماڭا ياخشى



مۇئامىلە قىلسىلا تېگەتتىم دېگەنىدى ،— دېدى . ئۇ يەنە :

— سىزگە ئايان ، يۇرتىمىزدا ئادەم كۆپ ، يەر ئاز ، تۇرمۇش ھەم قىيىن ، قىزلارنىڭ ھەممىسى شىنجاڭغا كېلىپ جورە تېپىشنى خالايدۇ . ئەمما ، گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئاۋۋال دەپ قوياي ، مەن پەقەت تونۇشتۇرۇپلا قويىمەن ، ئەپلىشىش - ئەپلىشەلمەسلىك پېشانەڭلەرگە باغلىق ، — دېدى - دە ، گېپىنى تۈگىتىپ ، جاڭ شىجې بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى .

جاڭ شىجې تەقەززالىق بىلەن كۈتتى . يېرىم ئاي بولغاندا ، خۋاڭ دوختۇر چىرايلىق ، كىچىك بىر قىزنى باشلاپ كەلدى . خۋاڭ دوختۇر ئىككىسىنى تونۇشتۇرۇپ بولۇپ ، ھاجەتكە چىقىپ كېلەي دەپ تالاغا چىقىپ كەتتى .

ئۆيدە جاڭ شىجې بىلەن يۇيىڭ ئىككىسىلا قالدى . ئايال زاتىنى سېغىنىپ ساراڭ بولايلا دەپ قالغان جاڭ شىجې خۇدى ئېچىرقاپ كەتكەن مۈشۈك بەزنى كۆرگەندەك ، ئالدىدىكى گۈلدەك چىرايلىق قىزنى پۈتۈن يۇتۇۋەتكۈدەك قىلىپ تەلمۈرۈپ ، شەھۋانىي كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ ئولتۇراتتى . يۇيىڭ بولسا ئىزا تارتقاندەك بولۇۋالغانىدى . ئۇنىڭ بۇ قىياپىتىنى كۆرگەن جاڭ شىجې ئۆزىنى يوقىتىپ قويغىلى تاسلا قالدى . ئەمما ، ئۇ كۆپنى كۆرگەن بولغاچقا ، «ئالدىرىغان يەردە قالار» دېگەن تەمسىلنى ئوبدان بىلەتتى ، شۇڭا ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ، يۇيىڭدىن :

— ئۆيىڭىزدە يەنە كىملەر بار ؟— دەپ سورىدى .

— ئاپام يالغۇز مېنىلا تۇغۇپتىكەن ،— دېدى يۇيىڭ كۆڭلى يېرىم بولغان قىياپەتتە ، — ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا ئاتا - ئانام كېسەل بولۇپ قېلىپ داۋالىتىشقا پۇلىمىز يوق ، ئىككىلىسى ئالەمدىن ئۆتتى ، — ئۇ كۆزىگە لىقىدە ياش ئېلىپ ئېسەدەپ تۇرۇپ ، — مەن ئىگە - چاقىسىز قېلىپ ، كەنتىمىزدىكى ئوتتۇرا ياشلىق بىر كىشىگە ياتلىق بولدۇم . ئۇنىڭ قىمارۋاز ئىكەنلىكىنى توي قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن بىلدىم . ئۇ كېچە - كۈندۈز ئۆيگە كىرمەي ماجاڭ ئوينايتتى ، ئۇتتۇرۇپ قويغان كۈنلىرى ئۆيگە كېلىپ ئاچچىقىنى مەندىن ئالاتتى ، ئۇ دائىم مېنى ئۇرۇپ ، ئۈستى - بېشىمنى يارا قىلىۋېتەتتى . ئۇ تېخى مېنى ئادەم بېدىكىگە سېتىۋېتىپ قەرز تۆلەيمەن دەپ يۈرۈپتۇ . مەن دەرتكە چىدىماي ، ئۆلۈۋېلىشنى ئويلىدىم . بۇ چاغدا نەۋرە ئاكامدىن خەت كەلدى ، ئۇ خېتىدە مېنى شىنجاڭغا كېلىپ جان باققىن دەپتۇ . مەن ئېرىمنىڭ قىمار ئويناشقا كەتكەن ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ، كېچىسى ئۆيدىن قېچىپ چىقتىم - دە ، پويىزغا چىقتىم . ئۈرۈمچى پويىز ئىستانسىسىغا كەلسەم نەۋرە ئاكام ئالدىمغا چىقىپتۇ . ئۇ مېنى ئۆزىنىڭ ئامبۇلاتورىيىسىگە ئاپارماي ، ئۇدۇللا سىزنىڭ قېشىڭىزغا ئېلىپ كەلدى ، — دېدى - دە ، قولى بىلەن كۆز يېشىنى سۈرتتى .

— ئۇنداقتا ...سىز بىلىپ بولدىڭىزما ؟— سورىدى جاڭ شىجې يۇيىڭنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بولۇپ ، — مەن بىلەن ئۆتۈشنى خالامسىز ؟

يۇيىڭ بېشىنى لىڭشىتتى . ئۇنىڭ شۇ ھامان يۈزى ۋىللىدە قىزىرىپ ، ئىزا تارتقاندەك قىلىپ :

— مەن سىزنىڭ تاماقىڭىزنى ئېتىپ ، ھالىڭىزدىن خەۋەر ئېلىشنى خالايمەن ، — دېدى .

جاڭ شىجې خۇشال بولغىنىدىن يايراپ كەتتى : ئاسماندىن گۆشنان چۈشىدىغان ئىشلار راستتىنلا بولىدىكەن ، 70 ياشتىن ئاشقاندا ، چىرايلىق نازىنىن ئىشىك ئالدىمغا ئۆزى كەلدى . مانا بۇ تەڭرى ئاتا

قىلغان ئامەت بولماي نېمە . ئۇ يىگىتكە :

—ماڭا تەگسىڭىز قورساقتىمەن ، كىيىم -كېچەكتىن ، پۇلدىن غەم قىلمايسىز ، —دېدى . ئۇ شۇنداق دېگەچ ، يېنىدا ئولتۇرغان يىگىتنىڭ يوتىسىنى سىلاپ قويدى .

يىگىت ئىنكاس قايتۇرمىدى ، بىراق ئۇ :

—ئۇنداق قىلماڭ ، نەۋرە ئاكام كۆرۈپ قالسا ئۇيات بولىدۇ !—دېدى

شۇ گەپ تۈگىشىگىلا ، خۇاڭ دوختۇر كىرىپ كەلدى . ئۇ ھىجىيىپ تۇرۇپ :

—قىلىشقان پارىڭىڭلارنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلىدىم . ئىككىڭلارنىڭ پېشانەڭلەرگە شۇنداق پۈتۈلگەنىكەن . بۇنىڭدىن كېيىن بىر ئائىلە كىشىلىرى بولۇپ قالىمىز ،—دېدى .

—ئاكا ، نېمىلەرنى دەۋاتىسىز ، ئادەمنى ئىزا تارتقۇزۇپ ؟—دېدى يىگىت ئاغزىنى ئۇمچەيلەپ .

—شۇمۇ گەپمۇ ! ھەي......—دېدى خۇاڭ دوختۇر ئاۋازىنى ئۇزۇن سوزۇپ ، —ھەر ئىككىڭلارنىڭ مەيلىڭلار بار ئىكەنغۇ ، مەندە نېمە گۇناھ .

جاڭ شىجې بۇ ئىككىسىنىڭ ئويۇن ئويناۋاتقانلىقىنى بىلمەي ، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشۈپ :

—ئىككىڭلار نەۋرە ئاكا—سىڭىل ئىكەنسىلەر ، چاقچاق قىلدۇق دەپ كۆڭۈل ئاغرىتىشىۋالماڭلار يەنە ، —دەپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى . ئۇ شۇنداق دېگەچ ، ساندۇقنى ئېچىپ بىر باغلام پۇلنى ئالدى—دە :

—ئاز بولسىمۇ مېنىڭ كۆڭلۈم ، ئاز كۆرمەي ئېلىڭ ، —دېدى . خۇاڭ دوختۇر پۇلنى ساناپ كۆردى ، پۇل توپتوغرا مىڭ يۈەن ئىدى . خۇاڭ دوختۇر چىشىنى غىچىرلىتىپ تۇرۇپ :

—بىز ئەمدى تۇغقان بولۇپ قالدۇق ، بۇ پۇلنى ھەرگىز ئالمايمەن ، —دېدى . لېكىن ، ئۇ يەنە ،—تۇزۇت قىلغاندىن تەقدىرگە بوي سۇنغان ياخشى دەپتىكەن ، ئالمىسام سەت بولىدىغاندەك قىلىدۇ ، —ئۇ شۇنداق دېگەچ پۇلنى يانچۇقىغا سالدى . ئاندىن ئۇ يىگىتكە ، —بىر نەچچە كۈندىن كېيىن سەن يۇرتقا بېرىپ ئېرىڭدىن ئاجرىشىش رەسمىيىتىنى ئۆتەپ كەل ، ئاندىن جاڭ ئەپەندىم بىلەن رەسمىي توي قىلغىن ، —دېدى . جاڭ شىجې ئىككىلىنىپ تۇرۇپ :

—مېنىڭ يېشىم بۇنداق چوڭ تۇرسا ، تازا قاملاشماسمىكىن ؟ —دېدى . ئۇ ئاغزىدا شۇنداق دېگىنى بىلەن ، كۆڭلىدە شۇنداق بولۇشىنى ئويلايتتى .

—نېمىشقا قاملاشمايدىكەن ؟ —دېدى خۇاڭ دوختۇر ، —قېرى بوۋاي ياش خوتۇن ئالىدىغان ئىش قەدىمدىنلا بار ئىشقۇ . تېلېۋىزىيە فىلىممىدىكى كاڭشى 70 تىن ئاشقان تۇرۇقلۇق پۈتۈنلەي ياش قىزلارنى خوتۇنلۇققا ئالغانغۇ . «نىكاھ قانۇنى» دا نىكاھ ئەركىنلىكى تەشەببۇس قىلىنىدۇ ، قايسى ماددىسىدا ياش چەكلىمىسى بار ئىكەن ؟

جاڭ شىجې بېشىنى لىڭشىتىپ :

شۇنداق ، شۇنداق ، —دېدى . يىگىت ئۈن چىقارمىدى . بۇ ئۇنىڭ ماقۇل بولغانلىقىنى بىلدۈرەتتى .

ئەزەلدىنلا پىخسىق ، بىر تىيىنىنىڭ ئۈستىدە تىك تۇرىدىغان جاڭ شىجېنىڭ چىرايلىق قىز ئالىدا سېخىيلىقى تۇتۇپ كەتتى . ئۇ ئۆزى بازارغا بېرىپ توخو ، بېلىق ، گۆش ، تۇخۇم ۋە نەچچە خىل كۆكتات ئېلىپ كەلدى ، تېخى يىگىتكە بىرنەچچە قۇتا ئېسىل پەرداز بويۇمى ئالغاچ كەلدى .

يىگىت ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ بىر نەچچە خىل قورۇما تەييارلىدى . ئۇلار تازا يەپ-ئىچىشىپ تويغاندىن كېيىن ، خۇاڭ دوختۇر يىگىتكە جاڭ شىجېنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىش توغرىسىدا بىر نەچچە ئېغىز تاپىلاپ قويۇپ ، جاڭ شىجې بىلەن خوشلىشىپ كېتىپ قالدى .

خۇاڭ دوختۇر چىقىپ كېتىشىگىلا ، جاڭ شىجې يىگىتنى قۇچاقلاپ سۆيۈۋالدى ھەم ئۇنىڭ كىيىمىنىڭ تۈگمىلىرىنى يېشىشكە ئۇرۇندى . يىگىت ئۇنىڭ قولىنى ئىتتىرىۋېتىپ «نېمىگە ئالدىرايسىز ؟ مەن ئەمدى سىزنىڭ ئادىمىڭىز بولۇپ بولدۇم ، شۇنچىلىكمۇ تەخىر قىلالمامسىز ؟» دېدى .

قاراڭغۇ چۈشكەندە جاڭ شىجې يىگىتنى ئۇخلاشقا ئالدىراتتى . بۇ كېچە جاڭ شىجې ھاياتىدىكى ئەڭ بەختلىك ، ئەڭ شېرىن تۈيغۇنىڭ لەززىتىنى سۈردى . يىگىتنىڭ ئاپئاق ، سۈزۈك بەدىنى ۋە ئۇ سۈرتىۋالغان ئۇپا-ئەڭلىكنىڭ خۇشپۇراقلىرى ئۇنى مەست قىلىۋەتتى . ئۇ يىگىتنىڭ ئېلىپ بەرگەن ئەرلىكنى كۈچەيتىش دورىسىنى ئىچىۋالغاچقا ، بىر كېچىنى خۇددى ئەۋلىيادەك ئۆتكۈزدى (جاڭ شىجې

ئۆلگەندىن كېيىن ، كىشىلەر ئۇنىڭ كىيىمىنى كىيدۇرۇۋېتىپ ، كارىۋات يېنىدا يېرىم قۇتا دورا تۇرغانلىقىنى بايقىغان) .

ئەتىسى يۈيىڭ ماگىزىنغا بېرىپ كىيىم كۆرۈپ كېلىمەن دېدى . جاڭ شىجي شۇ ھامان ئۇنىڭ قولىغا ئىككى مىڭ يۈەن تۇتقۇزۇپ ، ئۇنىڭغا ياخشىراق كىيىملەرنى سېتىۋېلىشنى ئېيتتى .

نۇرغۇن ئەرلەردە شۇنداق بىر ئورتاقلىق باركى ، ناۋادا بىر ئايال زاتىنى ياخشى كۆرۈپ قالسا ، ئۇنىڭغا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن بارلىقىنى تەقدىم قىلىۋېتىشتىن يانمايدۇ . جاڭ شىجي ئۈچىنغا چىققان پىخسىق بولسىمۇ ، بۇ خىل ئالاھىدىلىكتىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى .

ئىككى كۈندىن كېيىن يۈيىڭ يۇرتىغا بېرىپ ئېرىدىن ئاجرىشىش رەسمىيىتى ئۆتەپ كەلمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى . جاڭ شىجي قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ، ئىككىلىنىپ تۇرۇپ :

— ئاجرىشىش ئاسانغا توختارمۇ ؟ — دەپ سورىدى .

يۈيىڭ :

— ئېرىم قىمارۋاز ، خەقكە ئون نەچچە مىڭ يۈەن قەرز بولۇپ قالدى ، ئۇ تېخى قەرز ئىگىسىگە مېنى سېتىۋەتمەكچى . راستىنى ئېيتسام ، ئاجرىشىپ كېتىشكە ئۇ ئۇلىسىمۇ ئۇنىمايدۇ . ئەگەر ئۇنىڭغا نەچچە ئون مىڭ يۈەن پۇل بەرسەك ، ئۇ پۇلنى كۆرگەندىن كېيىن ، خېتىمنى بېرىشكە چوقۇم ئۇنايدۇ ، — دېدى .

— نەچچە ئون مىڭ يۈەن ؟ — جاڭ شىجي بېشىنى چايقىدى ، ئەمما گەپ قىلمىدى . ئۇنىڭ قولىدا نەچچە ئون مىڭ يۈەن پۇل بولغىنى بىلەن ، ئۇ دېگەن ئۇنىڭ بىر ئۆمۈر يېمەي — ئىچمەي يىغقان قان — تەرى — دە !

يۈيىڭ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالدى ، شۇڭا ئۇ :

— ئۇ قانچىلىك ئۆتتۈرىۋەتكەن بولسا ، بىز ئۇنىڭغا شۇنچىلىك بېرەمتۇق . بىز ئۇنىڭ بىلەن كېلىشسەك بولىدىغۇ . مېنىڭچە ، ئۇنىڭغا 20 مىڭ يۈەن بەرسەك بولار ، — دېدى .

جاڭ شىجي ئۈن چىقماي تۇرۇۋالدى . يۈيىڭ ئۆكسۈپ تۇرۇپ :

— بوپتۇ ، سىز پۇلىڭىزنى ساقلاپ يېتىڭ ، مەن ئۆز يولۇمغا ماڭاي ، سىزگە تېنىمنى بىر نەچچە كېچە بىكارغا بەرگەن بولاي ، مەن كەتتىم ، — دېدى — دە ، مېڭىشقا تەمشەلدى . جاڭ شىجي يۈيىڭنى كاپپىدە قۇچاقلىۋېلىپ :

— ماقۇل ، ماقۇل ، قانچە دېسىڭىز شۇنچە بېرەي . مەن پەقەت پۇلنى خەجلەپ ئاجرىشالماي قېلىپ ، سىۋەتكە سۇ ئالغاندەك ئىش بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەۋاتىمەن ، — دېدى .

— ماڭا نېمانداق ئىشەنمەيسىز ؟ مەن سىزنىڭ ئادىمىڭىز بولۇپ بولدۇمغۇ ، مەن سىزنى ئويلىماي قويىمەنمۇ ؟ پۇلغا كۆزىڭىز قىيمىسا بوپتۇ ، مەن كېتەي ، — دېدى — دە ، يەنە مېڭىشقا تەمشەلدى . ئۇ شۇنداق قىلغانىېرى ، جاڭ شىجي ئۇنى ماڭغىلى قويمىدى .


— يۈيىڭ شارائىتىنىڭ پىشقانلىقىنى پەملىدى — دە :

— مېنى ئەخمەق كۆرۈۋاتامسىز ؟ مەن دېگەن توشقاننى كۆرمىگىچە بۈركۈتنى قويۇپ بەرمەيدىغانلاردىن جۇمۇ . ئاجراشقانلىق خېتىنى قولۇمغا ئالغاندىن كېيىن ئاندىن پۇلنى ئۇنىڭغا بېرىمەن . ئاجراشقانلىق خېتىنى قولۇمغا بەرمەي تۇرۇپ ، مەندىن پۇل ئالىمەن دېيىش ئۇنىڭ ئۇخلاپ چۈشى ، — دېدى .

بۇ گەپ جاڭ شىجىنى ئېرىتىۋەتتى . ئۇ كۆڭلىدە «بۇ گەپ ئورۇنلۇقتەك تۇرىدۇ» دەپ ئويلىدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ يۈيىڭدىن قانچىلىك پۇل كېتىدىغانلىقىنى سورىدى . يۈيىڭ ئۇنىڭدا 50 مىڭ يۈەن بارلىقىنى بىلگەچكە ، ھە دېگەندىلا :

— 50 مىڭ يۈەن ، — دېدى . جاڭ شىجىنىڭ يەنە دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى . يۈيىڭ چىرايىنى ئۆزگەرتىپ ، قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ، دۈگىلەك كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ، جاڭ شىجىنىڭ يۈزىگە نۇقۇپ تۇرۇپ :

— مەن سېنى خاتا تونۇپ قاپتىمەن ، مەن تېخى سېنى مېنى چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرىدۇ دەپ ئويلاپتىمەن ، ئەسلىدە سەن مېنى پۇلۇڭغىمۇ تەڭ قىلمايدىكەنسەن . مەن 20 ياشلاردىكى بىر ئاجىز قىزنى سەن 70 — 80 ياشقا كىرگەن قېرى دەپسەندە قىلدىڭ . 50 مىڭ يۈەن ئەمەس ، 100 مىڭ يۈەن بىلەنمۇ مېنىڭ تارتقان تەن ۋە روھىي



زىيىنىمنى تۆلەپ بېرەلمەيسەن ، — ئۇنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى يۇقىرىلىدى ، — سەن ئالدامچى ، لۇكچەك نېمىكەنسەن ! مەن ج خ ئورگىنىغا بېرىپ سېنى ئەرز قىلىمەن ، مەن ...— دېدى .

— مەن سىزگە پۇل بەرمەيمەن دېمىدىمغۇ ، — دېدى جاڭ شىجې دۇدۇقلاپ ، — پەقەت شۇ...

— ھە ، پۇلۇمنى ئالداپ كېتىدۇ دەپ ئەنسىرەۋېتىپسىزدە ، شۇنداقمۇ ؟ — دېدى يۈيىڭ — ئۇنداق بولسا مۇنداق بولسۇن ، مەن سىزگە تىلخەت يېزىپ بېرەي ، نەۋرە ئاكام كېپىل بولسۇن ، تىلخەت سىزدە تۇرسۇن . ئېرىنىدىن ئاجرىشىپ كېتەلمىسەم ، پۇلىڭىزنى قايتۇرۇپ بېرىمەن . ئەمدىغۇ خاتىرجەم بولغانسىز ؟

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ، خۇاڭ دوختۇر كىرىپ كەلدى . يۈيىڭ بايا بولغان گەپلەرنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى . خۇاڭ دوختۇر مەيدىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ :

— بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭ . مەن سانجى ئوتتۇرا ئاسىيا سودا شەھىرىنىڭ يېنىدا «خۇيمىن ئامبۇلاتورىيەسى» ئاچتىم ، رويخەتكە ئالدۇرغان مەبلىغىم 150 مىڭ يۈەن . ئەگەر نەۋرە سىڭلىم قايتىپ كېلەلمىسە ، پۇلىڭىزنى مەن قايتۇرۇپ بېرىمەن ، — دېدى . يۈيىڭ شۇ ھامان تىلخەت يازدى ، خۇاڭ دوختۇر قول قويدى ، ئاندىن ئۇنى ئوبدان ساقلاڭ دەپ جاڭ شىجېگە تۇتقۇزۇپ قويدى . شۇنداق قىلىپ ، «بىرىنىڭ ناخشا ئېيتىشى ، بىرىنىڭ ئۇسسۇل ئوينىشى» بىلەن ، جاڭ شىجې «يولۋاس» قا مىنىپ قالدى . ئۇ كۆڭلىدە «خۇاڭ دوختۇر كېپىل بولغاندىن كېيىن ، 50 مىڭ يۈەن پۇل يوقاپ كەتمەيدىغۇ» دەپ ئويلىدى . ئۇ شۇ كۈنى بانكىغا بېرىپ ، بىر ئۆمۈر يېمەي ـ ئىچمەي يىغقان 50 مىڭ يۈەن ئامانەت پۇلىنى ئېلىپ كېلىپ ، ھەممىسىنى يۈيىڭغا تۇتقۇزدى . يۈيىڭ ئەتىسى ئەتىگەندە ماشىنىغا ئولتۇرۇپ يولغا چىقتى . ئۇ مېڭىش ئالدىدا خاتىرجەم بولالمايۋاتقاندەك قىلىپ :

— مەن كەتكەندىن كېيىن باشقا ئاياللار بىلەن ئارىلىشىپ يۈرمەڭ يەنە ، — دەپ جاڭ شىجېنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويدى . جاڭ شىجې ئۇنىڭغا :

— ئۆيىڭىزگە بارغاندىن كېيىن ماڭا تېلېفون بېرىۋېتىڭ ، بولمىسا ئەنسىرەپ قالىمەن ، — دېدى . يۈيىڭ باش لىڭشىتتى .

يۈيىڭنىڭ كەتكىنىگە بىر ئايدىن ئېشىپ كەتتى ، لېكىن ئۇنىڭدىن خەۋەر كەلمىدى . خۇاڭ دوختۇرمۇ كېلىپ قويمىدى . جاڭ شىجېنىڭ كۆڭلى بىر ئىشنى تۇيغاندەك بولۇپ ، سانجى ئوتتۇرا ئاسىيا سودا شەھىرىگە بېرىپ «خۇيمىن ئامبۇلاتورىيەسى» نى ئىزدىدى . كىشىلەر ئۇنىڭغا بۇ يەردە ھېچقاچان «خۇيمىن ئامبۇلاتورىيەسى» نىڭ بولۇپ باقمىغانلىقىنى ، قانداقتۇر خۇاڭ فامىلىلىك دوختۇرنىڭمۇ بولۇپ باقمىغانلىقىنى ئېيتتى . جاڭ شىجې شۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىلا ، «ئالدىنىپتىمەن !» دەپ ۋارقىرىۋەتتى .

يۈيىڭ بىلەن خۇاڭ فامىلىلىكنىڭ نەۋرە ئاكا ـ سىڭىل ئەمەسلىكىنى ، ئۇنىڭ ئايالىنىڭ خۇاڭ فامىلىلىكنىڭ قولىدىكى «كەپتەر» ئىكەنلىكىنى ، خۇاڭ فامىلىلىكنىڭ دوختۇرلۇق قىلىش ۋە لايىق تونۇشتۇرۇش نامىدىكى ئالدامچى ئىكەنلىكىنى جاڭ شىجې نەدىنمۇ بىلسۇن . جاڭ شىجې دەل شۇلارغا ئۇچراپ ، ئۇلارنىڭ ھېيلىسىنى بىلەلمەي ، بۆرىنى ئۆيىگە باشلاپ كېلىپ ، پۇلىدىنمۇ ، جېنىدىنمۇ ئايرىلدى .

جاڭ شىجې ج خ ئورگىنىغا بېرىپ دېلو مەلۇم قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى . بىراق ، ئىچ ـ قارنى تار ، پۇلغا جېنىدىنمۇ ئامراق بولغاچقا ، بۇ ئېغىر زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمەي ، دەرت ـ ئەلەم ، غەزەپ ـ نەپرەت ، ئار ـ نومۇس ، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشتى .

خۇدانىڭ جازاسىدىن ھېچكىم قۇتۇلالمايدۇ . جاڭ شىجې ئۆلۈپ كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەي ، ھېلىقى ئىككى ئالدامچى يەنە بىر يالغۇز بوۋاينىڭ پۇلىنى ئالداپ ئېلىۋالغاندا قانۇن تورىغا چۈشتى .

**مۇھەررىردىن :**

*يالغۇز بوۋاينىڭ ساھىبجامال سىرداش تېپىشى ئەسلى بىر خۇشاللىنارلىق ئىش . لېكىن ، ئېھتىياتسىزلىقتىن «كەپتەر» قىلتىقىغا چۈشۈپ كېتىپ ، پۇلىدىن ھەم جېنىدىن ئايرىلىشى كىشىنى بەكمۇ ئېچىندۇرىدۇ .*

*دېمەكچى بولغىنىمىز ، جاڭ شىجېنىڭ بەختسىزلىككە ئۇچرىشى ئۇنىڭ جورا تېپىشقا ئالدىراپ كېتىپ ، يات ئادەملەرگە ئاسان ئىشىنىپ كەتكەنلىكىدىن بولغان . ئەگەر ئەتراپلىق سۈرۈشتۈرۈپ ، بىر مەزگىل بىللە ئۆتۈپ بېقىپ ، ئاندىن قارار قىلسا ، ياشقا چوڭ يالغۇز قالغانلارنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك جورا تاپالىشى تەسكە توختىمايدۇ ، ئەلۋەتتە .*

نىغمەت تەرجىمىسى

**يېڭى ئەسىردىكى تۇنجى قىشتا شىياۋ لوغا جاھان تولىمۇ سوغۇق بىلىندى ، ئۇ تولىمۇ غېرىبسىنىدى . زەھەر تاشلىتىش ئورنىدا مەجبۇرىي زەھەر تاشلاۋاتقان شىياۋ لو «بىپەرۋالىقتىن چوڭ ئازاب يوق» دېگەن گەپنىڭ مەنىسىنى چوڭقۇر چۈشەندى . تېببىي خادىملارنىڭ ئەتراپلىق غەمخورلۇقى شىياۋ لونىڭ يۈرىكىدىكى قاتمۇ قات مۇزنى ئاستا - ئاستا ئېرىتتى . ئۇ جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن زەھەر ئالۋاستىسى بىلەن ئۈزۈل - كېسىل ئادا - جۇدا بولۇشقا نىيەت قىلدى .**



# «دوست»نىڭ قەستى

ياك چېڭلىن

**1**

شىياۋ لو ئۆز ئۆمرىدە تەي ئاكىنى دوست تۇتقىنىغا ، خۇازۇڭ بەرگەن تەمى باشقىچە «جۇڭخۇا» تاماكىنى چەككىنىگە ئەڭ پۇشايمان قىلدى .

شىياۋ لو لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ مەلۇم شەھىرىدىن بولۇپ ، ئاتىسىنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتىگە تايىنىپ تېزلا بېيىپ كەتكەنىدى . ئۇ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپلا سودا دېڭىزىغا شۇڭغۇدى . ئۇ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرى بولۇپ ، پۈتۈن جەمئىيەتتە تىجارەت قىلىش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلگەنىدى . شىياۋ لونىڭ ئاتىسى ماددىي ئەشيالارنى يۆتكەش ، تەقسىملەش ئىشلىرىنى باشقۇراتتى . بۇ شىياۋ لوغا «ئاشقا بالدۇر ئېغىز تېگىدىغان» ئوبدان «قازان بېشى» بولۇپ بەردى . ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئەقىللىق بولغاچقا ، ھەر قانداق سودىدا ئۇنداق - مۇنداق قىلىپلا نۇرغۇن پۇل تاپالايتتى . بىر نەچچە يىلدىلا شىياۋ لو سودىگەرلەر ئارىسىدىكى داڭلىق شەخس بولۇپ قالدى . شەھەر ئىچىدىكى ئاۋات ئورۇندىن 400 كۋادرات مېتىرلىق يەتتە دۇكان سېتىۋالدى ، ئاندىن ھەممىسىنى ئىجارىگە بەردى ، شۇنىڭ بىلەن پۇل ئۇنىڭ قولىغا ئۆزى دۇمۇلاپ كېلىشكە باشلىدى . مۇشۇ ئىجارىدىنلا شىياۋ لو ئېيىغا 200 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك كىرىم قىلىدىغان بولدى .

شىياۋ لونىڭ ئەڭ ھوزۇرلىنىدىغان ئىشى قارا رەڭلىك «لىڭجى — 400» پىكاپىنى ھەيدەپ بېرىپ ، يەتتە دۇكىنىنى ئىجارىگە ئالغانلاردىن ئىجارە پۇلى يىغىش ، ئاندىن مېھمانسارىيىدىكى ئېسىل بېزەلگەن ئىشخانىسىدىكى ئۇستىلىنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋېلىپ پۇلنى ساناش ئىدى . ئۇ ئەزەلدىن پۇل ساناش ماشىنىسىغا ئىشەنمەيتتى . پۇل ھەر قانچە كۆپ بولسىمۇ ، ئۇ قولدا سانايتتى . ئۇ پۇلنى سانىغان چاغدىكى شىرىقلىغان ئاۋازغا ئامراق ئىدى .

شىياۋ لونىڭ مېھمانسارىيىنىڭ خېلىلا داڭقى بار ئىدى ، ھەر تەرەپتىن خېرىدارلار ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇراتتى ، مېھمانسارايدا خېرىدارلار ھەر خىل ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرالايتتى . شۇڭا ، پۇل خەجلەيدىغان خېرىدارلارنىڭ كەلمەسلىكىدىن ئەنسىرەش ھاجەتسىز ئىدى . شىياۋ لو ئىنتايىن ئالدىراش بولۇپ ، سالاھىيىتى ھەرخىل دوستلىرىنىڭ ئارىسىدا كۆنىبويى پايپېتەك بولۇپ ، ئۇلارنى تۈرلۈك ئامال - چارىلەر بىلەن مېھمانسارايغا جەلپ قىلىشنىڭ

كويىدا يۈرەتتى .

تەي ئاكا شىياۋ لونىڭ مېھمانسارىيىغا دائىم كېلىپ تۇرىدىغان «باي» شەخس ئىدى . ئۇنىڭ نېمە تىجارەت قىلىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى . ئىشقىلىپ ، تەي ئاكا ھەر قېتىمدا بىر مۇنچە كىشىنى مېھمان قىلاتتى ، تۇتامىلاپ پۇل خەجلەيتتى ، مۇلازىملارغا چاي پۇلى بېرىشتىمۇ ناھايىتى سېخىي ئىدى ، مېھمانسارايدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئامراق ئىدى . بۇنداق خېرىدارلارغا شىياۋ لو سەل قارىسا بولمايتتى . تەي ئاكا كەلسىلا شىياۋ لو ئۆزى ھاراق تۇتاتتى ھەمدە شۇ جايدىلا رېستوران دىرېكتورىغا تەي ئاكىغا ئەڭ يۇقىرى ئۆلچەمدە ئېتىبار بېرىشنى جېكىلەپ قوياتتى . بىر قېتىم تەي ئاكا شىياۋ لونىڭ مېھمانسارىيىدىكى ئەڭ چوڭ ھەشەمەتلىك خانىنى ئېلىپ ، «ئامرىقى» نىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزۈپ بەردى . شۇ كۈنى نۇرغۇن مېھمان كەلدى ، تۇغۇلغان كۈن ئولتۇرۇشى ناھايىتى قىزىپ كەتتى . مېھمانسارايىنىڭ باش دىرېكتورى بولغان شىياۋ لو بۇ سورۇنغا ئازراق كۆڭلىنى بىلدۇرۇپ قويمىسا بولمايتتى ، شۇڭا ئۇ بىر بوتۇلكا XOنى كۆتۈرگەچ خانىگە كىرىپ ، «تەي يەڭگە» نىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى قۇتلۇقلىدى . چاۋاك سادالىرى ئىچىدە تەي ئاكىنىڭ ئاغىنىسى خوازۇڭ شىياۋ لوغا بىر تال «جۇڭخۇا» ماركىلىق تاماكا تۇتتى . شىياۋ لو تاماكا چەكمەيتتى ، شۇڭا ئالقانلىرىنى جۈپلەپ ئۆزرە ئېيتتى ؛ تەي ئاكا قاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ :

— شىياۋ باش دىرېكتور ، پۇلنىلا تېپىپ ، ھەتتا تاماكىمۇ چەكمىسىڭىز مۇكەممەل ئەر ھېسابلانمايسىز جۇمۇ ! — دېدى . شىياۋ لونىڭ يەنە رەت قىلىۋېرىشكە ئىلاجى قالمىدى ، ئامالسىز تاماكىنى ئېلىپ ئاغزىغا قىستۇردى . تەي ئاكىنىڭ «ئامرىقى» ئۆز قولى بىلەن تاماكىنى تۇتاشتۇرۇپ بەردى . شىياۋ لو تاماكىنى شۇنداق شورايلا قېقىلىپ ، يۆتىلىپ كەتتى .

— يەنە بىر نەچچىنى شوراڭ ! ئۆگىنىپ قالىسىز ، بۇ دېگەن تەي ئاكىمىزنىڭ ئامراق تاماكىسى ! — خۇددى مايمۇندەك ئاۋاق خوازۇڭ شىياۋ لونى مەسخىرە قىلغاچ توختىماي ئۈندىدى . شىياۋ لو يەنە بىر نەچچىنى شورىۋېدى ، راستىنلا ئانچە كۈچلۈك بىلىنمىدى . ئاجايىپ ئىش ! بۇ تاماكىدا قانداقتۇ دەپ بەرگىلى بولمايدىغان بىر تەم بار ئىدى ، يەنە تېخى ئادەمنىڭ روھىنىمۇ كۆتىرىپ قويىدىكەن ! دائىم كەچتە ئىشلىگەچكە ، شىياۋ لو قانغۇچە ئۇخلىيالمايتتى . بۇ تاماكىنى چېكىپ ئۇ بىردىنلا تېتىكلىشىپ قالدى .

تەي ئاكا شۇنىڭدىن كېيىن شىياۋ لونىڭ مېھمانسارىيىدا يەنە ئىككى كۈن ئوينىدى . شىياۋ لو بىلىپ ـ بىلمەيلا خوازۇڭ بەرگەن «جۇڭخۇا» تاماكىدىن ئۈچ تالنى چېكىۋەتتى .

ئاجايىپ بىر سېزىم شىياۋ لونىڭ ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالدى ، ئۇ خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ، بولۇتلار ئارىسىدا ئۈزۈپ يۈرگەندەك بولۇپ قالدى .

**2**

بۇنى ئۇ خوازۇڭ بەرگەن «جۇڭخۇا» تاماكىنى چېكىپ بولغاندىن كېيىن ھېس قىلدى . ئۇ ئۆزى بىر قاپ «جۇڭخۇا» سېتىۋېلىپ چېكىپ باقتى ، لېكىن ھېلىقى تەمنى زادىلا تاپالمىدى . بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ، قىزىقىشىنى باسالماي قالغان شىياۋ لو خوازۇڭغا تېلېفون بېرىپ ، «جۇڭخۇا» تاماكىدىن سورىدى . تېلېفوندىن خوازۇڭنىڭ ساختا كۈلكە ئارىلاشقان ئاۋازى ئاڭلاندى :

— شىياۋ باش دىرېكتور ، «جۇڭخۇا» تاماكا دېگەن تولا گەپ ، سىزگە بىر پاچكا ئاپىرىپ بېرەي ! — بىر سائەتكە قالمايلا خوازۇڭ راستىنلا بىر پاچكا «جۇڭخۇا» نى ئېلىپ كەلدى . شىياۋ لو ناھايىتى بىپەرۋا قىياپەتتە يۈز يۈەنلىك پۇلدىن ئۈننى ساناپ ، خوازۇڭنىڭ يانچۇقىغا تىقتى .

خوازۇڭ ئىشىكتىن ئەمدىلا چىقىشىغا ، تاقىتى تاق بولغان شىياۋ لو تاماكىنىڭ كۆرۈپكىسىنى يىرتىپ ، بىر قاپنى ئاچتى . بىر تالنى تۇتاشتۇرۇپ چېكىپ بېقىپ ، ھېلىقى تەمنى تېتىيالمىدى . ئۇ يەنە بىرنى چەكتى ، يەنىلا ئوخشىمايۋاتاتتى . ئۇ تاماكىنى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرىنى ئۇلاپ چېكىۋەردى ، تاكى 200 ـ تال تاماكىنى چەككەندە ئاندىن ھېلىقى بولۇتلار ئارىسىدا لەيلەپ يۈرگەندەك خىيالىي دۇنياغا كىرىپ كەتتى . چېكىپ بولغاندىن كېيىن ، ئۇ ئالدىدىكى 199 تال تاماكىنى كېرەكسىز قەغەز سېۋىتىگە تۆكتى . ئاندىن خوازۇڭنىڭ يان تېلېفونىغا تېلېفون بېرىپ ئۇنى قاتتىق تىللىدى :

— سەن مېنى ئەخمەق قىلىپسەن ، جېنىڭدىن تويغان ئوخشىمامسەن ؟

خوازۇڭ بولسا قېتىغىمۇ ئالمىغان ھالدا جاۋاب قايتۇردى :

— جىلىڭ مال يوق ئەمەس ، گەپ شىياۋ باش دىرېكتورنىڭ مال تونۇيدىغان ، تونۇمايدىغانلىقىدا !

— قورۇق گەپنى قوي ، مەن يا پۇلى يوق يالاڭتۆش ئەمەسمەن ! — شىياۋ لو ئاچچىق بىلەن تېلېفوننى قويۇۋەتتى .

ئىككى سائەتلەردىن كېيىن قورايدەك ئورۇق خوازۇڭ خۇددى ئەرۋاھتەك شياۋ لونىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. ئۇنىڭ سارغىيىپ كەتكەن چىشلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان ئېغىزىدىن كىشىنى سەسكەندۈرىدىغان بەدبۇي پۇراق چىقىپ تۇراتتى. ئۇ بىر پاچكا «جۇڭخۇا» تاماكىنى شياۋ لوغا بېرىپ، بەش بارمىقىنى كۆرسەتتى. بۇ ئۇنىڭ شياۋ لودىن 5000 يۈەن سورىغىنى ئىدى. شياۋ لو مەنسىتمەسلىك بىلەن كۈلۈپ قويۇپ، بىر باغلام پۇلنى خۇددى قەلەندەرگە تاشلاپ بەرگەندەك خوازۇڭغا تاشلاپ بەردى.

ئىشخانا ناھايىتى تىنچ ئىدى. شياۋ لو ئۈستەلدىكى «جۇڭخۇا» غا قاراپ قېتىپ قالدى. بىر خىل تەشنالىق ئۇنىڭ روھىنى ئىلكىگە ئېلىۋالغانىدى، ئۇ ھېلىقى خىيالىي دۇنياغا كىرىشى كېرەك ئىدى. شياۋ لو تاقىتىنى باسالماي، بۇ «جۇڭخۇا» دىن ھوزۇرلىنىشقا باشلىدى. تاماكا چەككەنسېرى تەملىك بىلىنىپ كېتىۋاتاتتى. بىر ھەپتە بولمايلا ئۇ بىر پاچكا تاماكىنى چېكىپ تۈگەتتى. شياۋ لوغا مۇشۇ «جۇڭخۇا» بولمىسا بولمايدىغان بولۇپ قالدى، ئۇنىڭغا تاماق بولمىسا مەيلى ئىدى، تاماكا بولمىسا بولمايتتى.

شياۋ لونىڭ كاللىسى بار ئىدى. ئۇ «جۇڭخۇا» دا چاتاق بارلىقىنى بىلىپ قالدى، ھەتتا تاماكىغا زەھەر ئارىلاشتۇرۇلغانمىكىن دەپ گۇمان قىلدى. ئەمما، ئۇ بۇنىڭ راستلىقىغا ئىشىنىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. شياۋ لودىكى ئۆزگىرىشنى ھەممىدىن بالدۇر خوتۇنى سېزىۋالدى. ئۇ بىر قانچە قېتىم ئېرىگە:

—شياۋ لو، خوازۇڭ بەرگەن تاماكىدا چاتاق باردەك قىلىدۇ، ئېھتىيات قىلىڭ جۇمۇ! — دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بەردى. شياۋ لو خوازۇڭنى تېپىپ، مەسىلىنى ئۇدۇللا سورىدى.

—شياۋ لو، سەن زەھەرگە ئۆگەندىڭ. «جۇڭخۇا» غا خروئىن ئارىلاشتۇرۇلغان. ھازىردىن باشلاپ ھەممە ئىشتا ئاغزىمغا قارىساڭ، قەتئىي چاتاق چىقمايدۇ، —دېدى خوازۇڭ سوغۇق كۈلۈپ.

شياۋ لو قاتتىق چۆچۈپ، خوازۇڭنى بىر نەچچە مۇشت سېلىۋەتتى، يەنە ئۇنى «يوقال!» دەپ تىللىدى.

—شياۋ بۇرادەر، نوچى بولساڭ مېنى ئىزدەپ كەلمە، —خوازۇڭ شۇ گەپنى قىلىپ، ئىشىكنى جالاقلىتىپ يېپىپ چىقىپ كەتتى.

شياۋ لونىڭ قاتتىق غەزىپى كېلىپ، يۈرىكىگە بىر ئاغرىق كىرىپ كەتتى. ئۇ سافادا لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۆزىنىڭ بىپەرۋالىق قىلىپ، خوازۇڭ ئىنچىكىلەپ قۇرغان زەھەر تۇزىقىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىگە پۇشايمان قىلدى. ئىككى كۈن «جۇڭخۇا» چەكمىۋېدى، شياۋ لو بولالمايلا قالدى. كۆز، بۇرۇنلىرىدىن تەڭلا سۇ ئېقىپ، ئۈگە-ئۈگىلىرىدە سانسىز چۈمۈلىلەر مېڭىپ يۈرگەندەك بولۇپ، ئېيتقۇسىز دەرىجىدە ئازابلاندى.

شياۋ لو يا ئولتۇرالمىدى، يا ياتالمىدى، يەردە دومىلاپ كەتتى. زادىلا چىدىيالمىغان شياۋ لو خوازۇڭنىڭ يان تېلېفونىغا تېلېفون بېرىشكە مەجبۇر بولدى.

خوازۇڭ تىل-ئاھانەتنى ياغدۇرۇۋەتتى. شياۋ لو يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدى. لېكىن، ئۇ يەنىلا رايىشلىق بىلەن يالۋۇرۇپ تۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى. خوازۇڭ تىللاپ ھارغاندىن كېيىن، ئاندىن:

—ساڭا ئاشقان-تاشقاندىن ئازراق بېرەي، —دېدى. بۇ «ئاشقان-تاشقان» ئاران ئۈچ كۈنگىلا پايلىدى. شياۋ لونىڭ تاماكىسى يەنە تۈگەپ قالدى. خوازۇڭ ئۇنىڭغا يەنە بىر ئاز بەردى، بۇ قېتىمقىسى ھەقىقىي خروئىن بولۇپ، ئۇ ھارامزادە شياۋ لودىن خېلىلا جىق پۇل ئۇندۇرىۋالدى.

شياۋ لو زەھەردىن ئايرىلالماس بولۇپ قالدى. خوازۇڭ ئۇنىڭغا بېرىدىغان زەھەرنى قاتتىق كونترول قىلىۋالدى، باھاسىنىمۇ ئاچكۆزلەرچە ئۆستۈرۈۋەردى. خوازۇڭغا ئۆچلىكى تۇتقاندا، شياۋ لونىڭ ئۇنى بىر پىچاق بىلەنلا جايلىۋەتكۈسى كېلەتتى، زەھەر يادىغا يەتكەندە، خوازۇڭ قۇتقۇزغۇچى ئىلاھقا ئايلىناتتى. ئامالسىز قالغان شياۋ لو يېڭى زەھەر مەنبەسى ئىزدەشكە كىرىشتى. ئۇ ئاستىرتىن ئازراق ئۇقۇشۇپ كۆرۈپ، نۇرغۇن پۇللۇق كىشىلەرنىڭ زەھەر چېكىدىغانلىقىنى بىلىپ قالدى. زەھەر ناھايىتى قىممەت بولغانلىقتىن، پۇلى يوقلار خروئىن بىلەن كرىستال زەھەرنى چېكەلمەيدۇ. دولانتىننى ئوكۇل بىلەن ئۇرىدىغانلار قاق سەنەم بولۇپ كەتكەن يالاڭتۆشلەر بولۇپ، ئۇلار خالتا كوچا، بۇلۇڭ-پۇچقاقلاردىن ئاز-تولا تېپىپ كېلىپ، تومۇرىغا سېلىپ، بەدەنلىرىنى ئۆتمە-تۆشۈك قىلىپ يۈرۈشەتتى. شياۋ لو ئۆزىنى ئاشۇلارغا سېلىشتۇرۇپ بېقىپ ئازراق پەخىرلىنىپمۇ قالدى، زەھەر چېكىشتىمۇ دەرىجە، تەبىقە بولىدىكەن ئەمەسمۇ. شياۋ لو ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىگە تايىنىپ، تېزلا بىر مۇنچە پۇلدار زەھەر بەڭگىلىرى بىلەن تېپىشىۋالدى. بۇ چەمبىرەكتىن ئۇ يېڭى زەھەر مەنبەسى تېپىۋېلىپ، خوازۇڭغىمۇ ئانچە پەرۋا قىلماس بولدى.

3

كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە شياۋ لونىڭ زەھەر چېكىۋاتقىنىغا ئىككى يىل بولۇپ قالدى. زەھەرگە بەزىدە ئامراقلىق، بەزىدە ئۆچمەنلىك قىلىپ يۈرۈپ، شياۋ لو 36 ياشقا كىرىپ قالدى. شۇنىڭغىچە ئۇ زەھەر تاشلاشقا تالاي قېتىم قەسەم ئىچتى، لېكىن ئۇ زەھەر تاشلىتىش ئورنىغا كىرىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. تىجارەت ئاۋۋالقىدەكلا مېڭىۋاتاتتى، كىرىمى ئىلگىرىكىدەكلا كىرىۋاتاتتى، ئەپسۇسلىنارلىقى، بۇ پۇللار بىلىنمەيلا ئاپپاق ئىس - تۈتەككە ئايلىنىپ، شياۋ لونى خىيالىي دۇنيادا ئايلاندۇرۇپ يۈرەتتى. بىر كۈنى ئاددىي كىيىنگەن، ئوقۇغۇچى سىياقىدىكى ئون قىز - ئوغۇل مېھمانسارايغا كەلدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى تاماملىۋېلىشىغا ياردەم قىلغان غەمگۇزارى شياۋ لونى يوقلاپ كەلگەنىدى. شياۋ لو بىردىنلا بىر قانچە يىل ئىلگىرى ئۈمىد قۇرۇلۇشى ئىشخانىسىدا نامرات ئون ئوقۇغۇچىغا پۇل ياردەم قىلغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى. مانا ھازىر بۇ ئون ئوقۇغۇچىسىنىڭ ھەممىسى ئەلا نەتىجە بىلەن ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ، ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغا قوبۇل قىلىنغان، ئۆزلىرىگە چوڭ ياردەم قىلغان شياۋ لوغا رەھمەت ئېيتقىلى ئالايىتەن كەلگەنىدى.

شياۋ لو تولىمۇ ھاياجانلىنىپ كەتتى. ئۇ ئالىي مەكتەپكە قەدەم قويۇش ئالدىدا تۇرغان بۇ ياشلارغا زەن سېلىپ قاراپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدە ياش لىغىلداپ تۇرغانلىقىنى بايقىدى. كىشىنىڭ ئىچى ئاغرىغۇدەك ئۇستىۋاشلىرىدىن، شياۋ لو ئۇلارنىڭ يەنىلا يوقسىزلىقنىڭ ۋەھىمىسى ئاستىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى پەملىدى، كەلگۈسىدىكى ئوقۇشقا يەنە نۇرغۇن پۇل كېتەتتى. شياۋ لونىڭ بىردىنلا كۆڭلى ئېرىپ قالدى. ئۇ تېلېفون بېرىپ مالىيە دىرېكتورىنى چاقىرتىپ كېلىپ، 200 مىڭ يۈەن چىقىرىپ، بۇ ئون ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىغا داۋاملىق ياردەم بېرىشنى ئېيتتى.

—باش دىرېكتور، ھېساباتىمىزدا ئۇنچىلىك پۇل يوق، —دېدى مالىيە دىرېكتورى ئوڭايسىزلىنىپ.

شياۋ لونىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى. ئۇ قەتئىي قىلىپ:

—ئۆينى سېتىپ بولسىمۇ بۇ بالىلارغا ياردەم قىلىمەن، —دېدى. ئۇ بىر دوستىدىن 200 مىڭ يۈەن قەرز ئېلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەر بىرىگە 20 مىڭ يۈەندىن تۇتقۇزدى، يەنە ئۇلارنى تاماققا ئېلىپ چىقتى. بالىلار تەسىرلىنىپ، كۆزلىرىگە ياش ئالدى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن شياۋ لو دۇكاندىن بىرنى سېتىپ، 200 مىڭ يۈەن قەرزنى قايتۇردى. ئېشىپ قالغىنىنى تەبىئىيلا زەھەرگە خەجلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنى توختىتالماي كەينى - كەينىدىن بەش دۇكاننى سېتىۋەتتى. بۇ ئىگىلىكلەر لەرزان ئىسلارغا ئايلىنىپ ئۇچۇپ كەتتى. ئايالى ئۇنىڭدىن ئۈمىدىنى ئۈزدى، بالىسىنى ئېلىپ، ئۇنىڭدىن ئاجراشتى. شياۋ لو ھەر قانچە قىلىپمۇ ئايالىنى تۇتۇپ قالالمىدى. ئاخىرى قېپقالغان دۇكان بىلەن «لېڭجى» پىكاپىنى ئانا - بالا ئىككىسىگە بېرىۋەتتى. شياۋ لونىڭ يېنىمۇ ئېسىل ماشىنىلارنى ھەيدەش ھەۋىسى يوقالغان، زەھەر ئۇنىڭ ئىچىنىمۇ - تېشىنىمۇ جاراھەت قىلىپ ئۆلگۈرگەنىدى. ئۇنىڭغا ھەتتا پىكاپ ھەيدەشمۇ خۇشياقمايدىغان بولۇپ قالدى. بالا - چاقىسىدىن ئايرىلىپ قېلىشمۇ شياۋ لونى كەينىگە ياندۇرالمىدى. ئاتا - ئانىسى ئۇنى «بەتخەج» گە چىقاردى، ئاچچىقىدا ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋىتىنىمۇ ئۈزۈۋەتتى. شياۋ لونىڭ زەھەر تاشلىغۇسى بولسىمۇ، لېكىن ئازابقا چىدىمايتتى. ئۆي - مۈلكىنىڭ سورۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقىغا ئىچى ئېچىشسىمۇ، ئىختىيارى ئۆزىدە ئەمەس ئىدى. شياۋ لونىڭ پەقەت مېھمانسارىيىلا قالدى. لېكىن، ئۇنى ساتمىسا بولمايتتى. شياۋ لوغا پۇل كېرەك، ئۇ ئۆزى ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغان، شۇنداقلا جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرىدىغان ئاپئاق تالقاندىن ئايرىلالمايتتى. مېھمانسارايىنىڭ خوجايىنى ئالماشتى. شياۋ لو يېرىم قەۋەتلىك ئېسىل تۇرالغۇسىغا سولىنىۋېلىپ، ئەڭ ئاخىرقى مۈلكىنى ساقلاپ قېلىشقا قەسەم ئىچتى. شياۋ لو بىر دۆۋە پۇل بىلەن بىر بولاق زەھەرنى قوچاقلاپ كارىۋاتتا «لىمىلەپ» يۈردى، ئۇ شۇنداق لەيلىگەن پېتى يېڭى ئەسىرگە كىردى.

قاتتىق سوغۇق بولۇۋاتقان بىر كەچلىكى، شياۋ لو گاراڭ - گۇرۇڭ ھالەتتە ئىشىك قوڭغۇرىقىنىڭ جىرىڭلاۋاتقىنىنى ئىلغا قىلدى. ئۇنىڭ ئۆيىگە مېھمان كېلىپ باقمىغىنىغا ئۇزۇن بولغانىدى. ئەمەلىيەتتە، كىشىلەر شياۋ لونى ئۇنتۇپ كەتكەنىدەك قىلاتتى. ئۇ ئېرىنچەكلىك بىلەن بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى. ئىشىك ئالدىدا خۇازوڭ تۇراتتى. خۇازوڭنىڭ چىرايى پۇرلاپ تاشلىۋەتكەن ئاق قەغەزگە ئوخشاپ قالغان، ئۆزى بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ ئادەم

سىياقى قالمىغانىدى .

—شياۋ باش دىرېكتور ، مەن ئېغىر زەھەرلەندىم ، ئۆلەي دەپ قالدىم . ئۆلۈپ كېتىش ئالدىدا ، سىزگە چوڭ بىر مەخپىيەتلىكنى دېمىسەم بولمىدى .

شياۋ لو قەددىنى رۇسلاپ ، نۇرسىز كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى .

—شياۋ باش دىرېكتور ، مۇشۇ يىللاردا تەي ئاكا سىزنى ئىزچىل ئالداپ كەلدى . سىزگە زەھەر بېرىشنى ، سىزنى زەھەر چېكىشكە ئۆگىتىشنى ئۇ تاپشۇرغان . تەي ئاكا بالدۇرلا سىزنىڭ ئىگىلىكىڭىزنىڭ قەستىگە چۈشۈپ ، سىزگە قىلتاق قۇردى ، سىزنىڭ دۇكانلىرىڭىز ، مېھمانسارىيىڭىزنىڭ ھەممىسىنى تەي ئاكا ئەرزان باھادا ئېلىۋالدى !

شياۋ لو خۇددى ھەرە چېقىۋالغاندەك سەكرەپ كېتىپ ، خوازۇڭنىڭ ياقىسىدىن ئالدى :

—سەن ، سەن نېمە دېدىڭ ؟ !

خوازۇڭ ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ ، تەي ئاكىنىڭ زەھەر سۇيىقەستىنى تۈزۈپ ، شياۋ لونىڭ ئىگىلىكىنى تارتىۋالغانلىق جەريانىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى :

—بۇ سۇيىقەستتە مەن قۇربانلىق بولدۇم . مەنمۇ زەھەرنى تەي ئاكىدىن ئالاتتىم ، شۇڭا ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلىماسلىققا ئىلاجىم يوق ئىدى . ئۆلۈپ كېتىشتىن ئاۋۋال ھەقىقىي ئەھۋالنى سىزگە بىلدۈرۈپ قويۇشنى لايىق تاپتىم .

خوازۇڭ گېپىنى تۈگىتىپ ، دەلدەڭشىگىنىچە چىقىپ كەتتى . ئەتىسى سەھەردە ، شياۋ لو ئۆيىنىڭ ئالدىدا خوازۇڭنىڭ توڭلاپ ئۆلۈپ قالغانلىقىنى بايقىدى .

شياۋ لو تېگى يوق ھاڭغا چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك ، ئىچى قۇپقۇرۇق بولۇپ قالغاندەك ، ئايىغى چىقمايدىغان قاباھەتلىك چۈش كۆرۈۋاتقاندەك بولۇپ قالدى . ئۇ ئېلىشىپ قالغان ئادەمدەك ئۆزى سېتىۋەتكەن ئالتە دۇكانغا بېرىپ سۈرۈشتۈرۈپ كۆردى ، دۇكانلارنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى تەي ئاكا ئىدى . مېھمانسارايىنىڭ ھازىرقى خوجايىنى كىم ئىكەنلىكىنى سورىۋېدى ، ئۇمۇ تەي ئاكا بولۇپ چىقتى ! ئۇ پەيلىرى سۇغۇرىۋېلىنغاندەك ، سۆڭەكلىرى تارتىۋېلىنغاندەك ، قانلىرى ئېقىپ تۈگىگەندەك بولۇپ قالدى . بىردىنلا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا قىساس ئوتى لاۋۇلداپ يېنىشقا باشلىدى .

## 4

شياۋ لو غالجىرلاشتى ، ئۇ قىڭغىراق بىلەن قارا مىلتىق ئېلىپ تەي ئاكىنى ئىزدەپ باردى .

چوڭ ئۇستەلنىڭ ئۇ يېقىدا ئولتۇرغان تەي ئاكا شياۋ لوغا كۆزىنىڭ قىرىنىمۇ سېلىپ قويمىدى . ئۇ بىخارامان ھالدا تىرنىقىنى ياسىغاچ ، دېمىقىنى سوزۇپ :

—شياۋ باش دىرېكتور ، ئوبدان تۇرۇۋاتامسىز ؟ —دېدى .

غەزەپتىن شياۋ لونىڭ يۈزلىرى تارتىشىپ ، كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتتى :

—سەن بەك زەھەرخەندىكەنسەن ، مېنى زەھەرگە ئۆگىتىپ ، ماڭا زىيانكەشلىك قىلدىڭ ! مەن ، مەن سەن بىلەن دەۋالىشىمەن !

—شياۋ باش دىرېكتور ، ھەممىمىز تىجارەت قىلىدىغان ئادەملەر ، سالاھىيىتىمىزگە بېقىپ سۆزلىسەك بولارمىكىن ! مېنى زىيانكەشلىك قىلدى دېيىشكە نېمە ئاساسىڭ بار ؟ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشىڭغا بىرسى سېنى زورلىمىدى ، پۈتۈنلەي ئۆزۈڭ ئىختىيار قىلدىڭ ! ھا ! ھا ! ھا !

شياۋ لونىڭ چىشلىرى كىرىشىپ كەتتى ، ئۇ قىڭغىراق بىلەن قارا مىلتىقنى چىقاردى .

—مېنى ئۆلتۈرمەكچىمۇ ؟ ئۇنچىلىك ماغدۇرۇڭ يوقمىكىن ،— دېدى تەي ئاكا مەسخىرىلىك كۈلۈپ .

شياۋ لو ئاغزىنى بۇزۇپ ، ئەمدىلا مىلتىقنىڭ تەپكىسىنى باساي دېيىشىگە زەھەر خۇمارى تۇتتى . ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا ئۆزى تاللاپ سېتىۋالغان ، ئاۋستىرالىيىدە توقۇلغان ساپ يۇڭ گىلەمگە يىقىلدى .

تەي ئاكا «110» غا تېلېفون بېرىپ ساقچىغا مەلۇم قىلدى . بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن ساقچىلار يېتىپ كەلدى ، خېمىردەك بولۇپ ياتقان شياۋ لونى ساقچى ماشىنىسىغا سالدى . شياۋ لو ئاخىرى زەھەر تاشلىتىش ئورنىغا كىردى . بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلىسە ، ئۇ توختىماي ئاھ ئۇراتتى . ئۇ 37 يىللىق ھاياتىدا بىرلا قەدەمنى خاتا بېسىپ قويۇپ ، ئۆمۈرلۈك پۇشايمانغا قالغانىدى .

مۇنەۋۋەر قادىر تەرجىمىسى



# جانغا ئاسىي ئاشنىدارچىلىق

جياڭ نەن ، ياڭ جۈن

2001 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ، داجۇ شەھىرىنىڭ ۋوگزالى ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان بولۇپ ، توپ ـ توپ كىشىلەر پويىز كۈتۈش زالىغا كىرىپ كېتىۋاتاتتى . ئازادە ، يورۇق زالنىڭ بىر بۇلۇڭىدا بىر چوكان بىلەن چىرايلىق بىر قىز ئېمىلەرنىدۇر دېيىشىپ ھەدەپ تاكاللىشىۋاتاتتى ، ئىگىز بوي كەلگەن ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئەر ئۇلارنى ئاجرىتىپ بولالماي ئاۋارە ئىدى . يولۇچىلارنىڭ بەزىلىرى گېزىت ـ ژۇرنال كۆرۈپ ئولتۇراتتى ، بەزىلىرى ئۆزىتىپ چىققۇچىلار بىلەن خوشلىشىۋاتاتتى . تۇيۇقسىز ھېلىقى چوكان يېنىدىن «7 .7» تىپلىق تاپانچىنى چىقىرىپ ، قىزچاققا قارىتىپ بىر پاي ئوق ئۈزدى ، قىزچاق شۇ ھامان يەرگە يىقىلدى . ئارقىدىنلا يەنە ئىككى پاي ئوق ئاۋازى ئاڭلىنىپ ، ئوق چىقارغان چوكان بىلەن ئەرمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن يەرگە يىقىلدى ، ئۇلارنىڭ بەدىنىدىن ئېتىلىپ چىققان قانلار ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ ئۈستىباشلىرىغا چاچراپ كەتتى ، ئەتراپ قىپقىزىل قانغا بويالدى . زالدىكى كىشىلەر پاتپاراق بولۇپ ، قىيا ـ چىيا قىلىشقا ، ئۈۋىسى چۇۋۇلغان ھەرىلەردەك تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىشقا باشلىدى . ھايال ئۆتمەي ۋوگزال ساقچىخانىسىنىڭ ساقچىلىرى نەق مەيدانغا يېتىپ كېلىشتى . تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە ، ئىككى ئايالنىڭ نەق مەيداندا ئۆلگەنلىكى ، ئەر كىشىنىڭ جان تالىشىۋاتقانلىقى مەلۇم بولدى .

نەق مەيداندا بىر يىگىت كىشىنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى ئەزگۈدەك ئېچىنىشلىق يىغلاۋاتاتتى . يارىلانغان ئەر دەرھال دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلدى . بۇ ئەرنىڭ ئىسمى لياۋ مىڭلۇڭ بولۇپ ، ئوق يەپ ئۆلگەن قىز ئۇنىڭ ئاشنىسى لى شۆ ، يىغلاۋاتقان يىگىت بولسا لياۋ مىڭلۇڭنىڭ ئەمدىلا مەلۇم سانائەت ئۇنىۋېرسىتېتىغا قوبۇل قىلىنغان ئوغلى لياۋ رۇي ئىدى . بۇ بىر مەيدان پاجىئە لياۋ ئائىلىسىدىكىلەر ئوغلىنى ئالىي مەكتەپكە ئۇزىتىپ قويۇش ئالدىدا يۈز بەرگەنىدى .

★

لياۋ مىڭلۇڭ ھەربىيلىكتىن كېلىپ چىققان بولۇپ ، قىسىمدا مۇنەۋۋەر جەڭچى ئىدى . كەسىپ ئالماشتۇرغاندىن كېيىن داجۇ شەھىرى شيەنچېڭ رايونلۇق خەلق بانكىسىنىڭ ئىقتىسادىي قوغداش بۆلۈمىگە تەقسىم قىلىندى . بويى 1 .8 مېتىر كېلىدىغان ، بوي ـ تۇرقى كېلىشكەن لياۋ مىڭلۇڭغا ئىقتىساد ساقچىلىرىنىڭ فورمىسى خويمۇ ياراشقان ئىدى .

لياۋ مىڭلۇڭ ۋاسكېتبول ماھىرى بولغاچقا ، دائىم خەلق بانكىسىنىڭ ۋاسكېتبول كوماندىسى تەركىبىدە شەھەر ئىچى ـ سىرتىدىكى چوڭ ـ كىچىك مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىپ تۇراتتى ، ئۇنىڭ كېلىشكەن قەددى ـ قامەتى قىزلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالاتتى ، بىر مەھەل ئۇنىڭغا لايىق تونۇشتۇرىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى .

لياۋ مىڭلۇڭ ئاشۇ نامزاتلار ئىچىدىن ئاخىر ئائىلە شارائىتى ئەۋزەل بولغان ، شەھەرلىك مەركىزىي دوختۇرخانىدا سېسترالىق قىلىدىغان قىزچاق جياڭ يەننى تاللىۋالدى . جياڭ يەنمۇ ئەرلەرنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلالايدىغان ناھايىتى جەزبىدار قىز بولۇپ ، لياۋ مىڭلۇڭغا ھەقىقەتەن ماس كېلەتتى ، ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشى بولسىمۇ ، لېكىن ئاددىي ـ ساددا ، پاكىزە ، رەتلىك كىيىنىپ يۈرەتتى . ئۇلار بىر ـ بىرىنى بىر كۆرۈپلا ياخشى كۆرۈپ قېلىشتى . ئىككى يىل رومانتىك مۇھەببەت مەنزىلىنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن ، ئاخىر

توي قىلىپ ، بىر ياستۇققا باش قويۇشتى .

بىر يىلدىن كېيىن ئۇلارنىڭ مۇھەببەت مېۋىسى دۇنياغا كېلىپ ، ئۇلارنىڭ شادلىقىغا شادلىق قوشتى . بەختلىك ئائىلە تۇرمۇشى لياۋ مىڭلۇڭنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولۇپ بەردى . ئىقتىساد ساقچىلىق خىزمىتى دائىم دەم ئالغىلى بولمايدىغان جاپالىق خىزمەت بولسىمۇ ، لياۋ مىڭلۇڭ بۇنىڭدىن قىلچە زارلانماي ، تىرىشىپ ئىشلەيتتى . ئۇنىڭ خىزمەت نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغاچقا ، تەشكىل ئۇنى مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقلىقىغا ئۆستۈردى . 1989 ـ يىلى بىر قېتىملىق پۇل يۆتكەش سەپىرىدە ، ئۇلار تويۇقسىز قارا نىيەتلەرنىڭ بۇلاڭچىلىقىغا ئۇچرىدى . لياۋ مىڭلۇڭ خېيىمخەتەرگە قارىماي ، كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ ، ئۆزى يالغۇز بىرنەچچە بۇلاڭچى بىلەن باتۇرانە ئېلىشىپ ، ئۇلارنىڭ جاجىسىنى بەردى . دۆلەتنىڭ نۇرغۇن مال ـ مۈلكىنى قوغداپ قالغان بولغاچقا ، بانكا رەھبەرلىكىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى ھەمدە ئۇزاققا بارمايلا بۆلۈم باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلدى . ئۇ ئائىلىدىمۇ ياخشى ئەر بولۇپ ، تاماق ئېتىش ، كىر يۇيۇش دېگەندەك ئۆي ئىشلىرى ئۇنىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى ، ئايالى ئۇنىڭ جاپالىق خىزمەت قىلىۋاتقىنىغا قارىماي ، ئۆي ئىشلىرىنىمۇ ئۆزىنىڭ ئورنىدا بىر چىرايلىق قىلىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئىنتايىن مىننەتدار ئىدى . قىسقىسى ، بۇ بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشى باشقىلارنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرگىدەك دەرىجىدە بەختلىك ئىدى .

★

داجۇ ئانچە باي ھېسابلانمايدىغان ۋىلايەت دەرىجىلىك شەھەر بولۇپ ، جۇغار گۈلى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن پۈتۈن مەملىكەتكە داڭلىق ئىدى . 90 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ، ئۆزۈندىن بېرى بىكىنمە ھالەتتە تۇرۇپ كەلگەن بۇ تاغلىق شەھەر بىردىنلا قايناम ـ تاشقىنلىققا چۆمۈپ ، 100 دىن ئارتۇق تانسىخانا ، ئارامگاھلار پەيدا بولدى .

لياۋ مىڭلۇڭ ئوتتۇرا ياشلىق مەزگىلگە قەدەم قويغاندىن كېيىن ، جياڭ يەننىڭ بەدەن شەكلىمۇ ئۆزگىرىپ ، ئازراق سەمىرىپ قالدى . لياۋ مىڭلۇڭ بارا ـ بارا تۇرمۇشىدا مەلۇم بىر نەرسە كەمدەك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدى . خېلى جەھەتلەردىن ئۆزىگە يەتمەيدىغان بەزى كىشىلەرنىڭ سىرتلاردا ئاشنا تۇتۇپ ، توقال ئويناپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ ، تېخىمۇ كۆڭلى يېرىم بولۇپ يۈردى . شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، ئۇ ئىلگىرىكى سەبداشلىرى بىلەن بىللە مەلۇم رېستورانغا غىزالانغىلى باردى . ئۇلار تويغىچە يەپ ، ئىچىپ بولغاندىن كېيىن ، 2 ـ قەۋەتتىكى تانسىخانىغا چىقىپ ئويناپ چۈشمەكچى بولدى . ھاراقنىڭ تەسىرىدىنمۇ ياكى خېلىدىن بۇيانقى زېرىكىشنىڭ تۈرتكىسىدىنمۇ ، ئىشقىلىپ ئۇ سەبداشلىرى بىلەن بىللە ئايرىم خانىغا كىردى ، ھەر بىرىلەنگە بىردىن ھەمراھ كەلتۈرۈلدى . ئۇمۇ ئەلۋەتتە بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس ئىدى ، تانسىخانا ئەسلىدە ناخشا ئېيتىپ ، ئۇسسۇل ئوينايدىغان جاي بولسىمۇ ، لېكىن بۈگۈنكى كۈندە بەزى تانسىخانىلار ئەمەلىيەتتە ، بىر قىسىم ئەر ـ ئاياللارنىڭ جىنسىي ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان سورۇنغا ئايلىنىپ قېلىۋاتاتتى . سەبداشلاردىن بىرى ناخشا ئېيتتى ، قالغانلار بولسا ھەمراھ خېنىملارنى قۇچاقلىغىنىچە تانسا ئويناشقا كىرىشىپ كەتتى . ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ، ئەرلەر تانسا ئويناشنى تاشلاپ باشقا ئىشلارغا كىرىشىپ كەتتى...

لياۋ مىڭلۇڭ بۇنداق سورۇنلارغا خېلى كۆپ كېلىپ باققان بولسىمۇ ، لېكىن بەزىبىر ئىشلارنى تېخى تۇنجى قېتىم بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى . ئۇنىڭغا ھەمراھ بولىۋاتقىنى لى شۆ ئىسىملىك قىزچاق بولۇپ ، ئۇنىڭ بۇ تانسىخانىغا كەلگىنىگە ئەمدىلا بىر ھەپتە بولغان بولسىمۇ ، لېكىن مېھمانلارنىڭ قۇچاقلاشلىرى ، يالاشلىرىغا كۆنۈپ كەتكەنىدى . ئۇ لياۋ مىڭلۇڭدەك ياۋاش مېھماننى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتاتتى . لياۋ مىڭلۇڭ تانسىمۇ ئوينىماي ، پاراڭمۇ سالماي ، ئۆزى يالغۇز چاي ئىچىپ ئولتۇردى . ئەمەلىيەتتە ، ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسى ئۇنچىۋالا تىنچ ئەمەس ئىدى . بۇنداق ئىشقا تۇنجى قېتىم دۇچ كېلىۋاتقانلىقى ، يەنە كېلىپ سالاھىيىتى ئېسىگە كېلىۋالغانلىقى ئۈچۈن ، سەل قورۇنۇپ ، ئىككىلىنىپ قېلىۋاتاتتى . ئۇ ئاخىر غەيرەتكە كېلىپ ، ھەمراھىغا يوشۇرۇن نەزەر سالدى . غۇۋا چىراق نۇرى ئاستىدا ، قىزچاق ئۇنىڭغا چۈشتىكى كۆرۈنۈشتەك بىر خىل تۇيغۇ ئاتا قىلدى ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ياشلىق باھارىنىڭ ھىدى ئۇرۇلۇۋاتاتتى . ئۇنىڭ قىزچاققا قارىغانسېرى قارىغۇسى كەلدى ، ئاخىر ئۇنىڭ بىلەن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى . لى شۆ دادىسىنىڭ ئانىسى بىلەن ئۆزىنى تاشلىۋېتىپ كارى بولمىغانلىقى ، ئانا ـ بالا ئىككىسىنىڭ بىر ـ بىرىگە يار ـ يۆلەك بولۇپ جاپالىق تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىدەك ئازابلىق كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بەردى . لياۋ مىڭلۇڭ ئۇنىڭ گەپلىرىگە ئىشىنىپ

كەتمىسىمۇ ، لېكىن كۆڭلىدە ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلدى . لى شۆنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرى لياۋ مىڭلۇڭغا ئەينى چاغدا جياڭ يەن بىلەن مۇھەببەتلەشكەن مەزگىللەرنى ئەسلىتىشكە باشلىدى . ئۇلار پاراڭلاشقانسېرى چىقىشىپ قالدى ، لى شۆ ئۇنىڭغا چاقىرغۇ نومۇرىنى يېزىپ بەردى . لياۋ مىڭلۇڭمۇ دادىللىق بىلەن ئۇنىڭغا چاقىرغۇ ، يانفون نومۇرلىرىنى دەپ بەردى . ئەتىسى لياۋ مىڭلۇڭ تەقەززالىق بىلەن لى شۆگە چاقىرغۇ بەردى ، لى شۆ ناھايىتى تېزلا تېلېفون قايتۇردى ، ئىككىيلەن جىنشەن مېھمانخانىسىدا كۆرۈشۈشكە كېلىشتى . لياۋ مىڭلۇڭ ئۆزىنىڭ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قەرەللىك پارتلايدىغان بومبىغا يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى ، لى شۆمۇ مۇشۇ ئىشلار تۈپەيلىدىن ھاياتىدىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىنى زىنھار ئويلاپ كۆرمىگەنىدى .

لياۋ مىڭلۇڭ لى شۆ بىلەن تۇنجى قېتىم بىرگە بولغاندىن باشلاپ ، ئىشلىرىنى يىغىشتۇرالمايلا قالدى . ئۇ ياش ھەم چىرايلىق لى شۆگە راستىنلا مەپتۇن بولۇپ قالغانىدى . ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ، ئۇنى سەۋدايىلارچە ياخشى كۆرۈش دەرىجىسىگە يېزىپ يەتتى . ئەرلەرنىڭ كۆڭلىنى ياش ، چىرايلىق ئاياللار ئوۋلىۋالسا ، خوتۇنلىرى ئۇلار ئۈچۈن ئەرزىمەس ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ . جياڭ يەن جىنسىي ھېسسىياتى دائىم ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ئېرىنىڭ يېقىندىن بېرى ئۆزى بىلەن ناھايىتى ئاز بىرگە بولىدىغان ، بىرگە بولغان چاغلاردىمۇ ئىشنى ھاپىلا ـ شاپىلا تۈگىتىپ بولدى قىلىدىغان بولىۋالغانلىقىنى بايقاپ ، باشتا ئېرىمنىڭ خىزمىتى ئالدىراش ، شۇڭا بۇ تەبىئىي ئەھۋال بولسا كېرەك ، دەپ ئويلىدى . لېكىن ، ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشىغا ئەگىشىپ ، ئېرىنىڭ دائىم كېچىلەپ ئۆيگە قايتىپ كەلمەيدىغان ، ئىدارىسىغا تېلېفون بەرسە يوق بولۇپ چىقىدىغان ، چاقىرغۇ ، يانفونلىرىنى ئېتىپ قويىدىغان بولىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ ، كۆڭلىدە گۇمان پەيدا بولۇشقا باشلىدى . بىر قېتىم جياڭ يەن دوستلىرى بىلەن ماجياڭ ئويناۋاتقاندا ، بىر دوستى ئۇنىڭغا لياۋ مىڭلۇڭنىڭ مەلۇم مېھمانخانىدا 20 ياشلار ئەتراپىدىكى بىر قىزچاق بىلەن بىللە تۇرغانلىقىنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى . جياڭ يەن پىلانلىق ئىش قىلىدىغان ئايال بولغاچقا ، دەسلەپكى كۈنلەردە ئېرىگە خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك مۇئامىلە قىلىپ يۈردى ، ئەمەلىيەتتە بولسا ئاستىرتتىن ئۇنىڭ پېيىگە چۈشتى . ھەمدە ئاخىر بىر كۈنى كەچتە ، مەلۇم مېھمانخانىدا ئىككىسىنىڭ ئۈستىدىنلا چۈشتى ، مېھمانخانىنى بېشىغا كېيىپ غەۋغا كۆتۈردى ، لى شۆگە بىر نەچچە تەستەكمۇ سالدى . شۇنداق قىلىپ ، ئون نەچچە يىل تىنچ ئۆتكەن بۇ ئائىلە 3 ـ شەخسنىڭ ئارىغا قىسىلىشى بىلەن خاتىرجەملىكتىن ئايرىلىپ ، جەڭگى ـ جېدەل سورۇنىغا ئايلاندى . ئەگەر لياۋ مىڭلۇڭ مۇشۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئازغان يولدىن قايتىپ ، ھوشىنى تېپىۋالغان بولسا ، ئايالى بىلەن يەنىلا بىر چىرايلىق ئۆي تۇتۇپ كەتكەن ، تېخىمۇ مۇھىمى ، ھېلىقىدەك پاجىئەنىڭ يۈز بېرىشىگىمۇ سەۋەبچى بولۇپ قالمىغان بولاتتى . ئۇ شۇ چاغدا ئوغلىنىڭ ئالىي مەكتەپكە كىرىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ ، لى شۆ بىلەن ئادا ـ جۇدا بولۇپ كېتىشنى ، ئايالى بىلەن يارىشىپ قېلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ ، لېكىن لى شۆنىڭ جەلپكار رۇخسارىنى ئېسىگە ئېلىپ ، بۇ نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرالمىدى . شۇ كۈندىن باشلاپ ، جياڭ يەن كۆڭلىدىكى ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنى يەڭگىللىتىش ، رەشك ئوتىنى پەسەيتىش ئۈچۈن ، كۈنبويى ماجياڭغا ئىلتىجا قىلىدىغان بولىۋالدى .

★

2001 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئۇلارنىڭ ئوغلى ئەلا نەتىجە بىلەن مەلۇم سانائەت ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئۆتۈپ ، ئاتا ـ ئانىسىنى قەۋەتلا خۇش قىلىۋەتتى . ئوغلىنىڭ ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈشى ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ۋاقىتنىچە يېقىنلاشتۇرۇپ ، ئۇلارنى ئوغلىنى ئاپىرىپ قويۇشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىشقا ئۈندىدى . 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ، ئوغلىنىڭ سەپەرگە چىقىدىغان كۈنى ئاخىر يېتىپ كەلدى . ئوغلى ئالىي مەكتەپكە ماڭسا ، ئانا بولغان ئادەم ئەلۋەتتە ئاپىرىپ قويۇشى كېرەك . لېكىن ، لياۋ مىڭلۇڭ ئايالىنى بارماسلىققا ئۈندەپ ، ئۆزىنىڭ بىر قوللۇق ئۇزىتىپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتىپ تۇرۇۋالدى . ئوغلىمۇ ئانىسىنىڭ يول ئازابى تارتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ، ئۇنىڭغا بىللە بارماسلىق ھەققىدە نەسىھەت قىلدى . جياڭ يەن بۇ ئىشلارغا قاراپ ، ئېرىم ئوغلىمىزنى مەكتىپىگە ئاپىرىپ قويۇشنى باھانە قىلىپ ، لى شۆ بىلەن ئارامخۇدا ساياھەت قىلىپ كۆڭۈل ئېچىپ كەلمەكچى بولىۋاتىدۇ ، دەپ گۇمان قىلدى ـ دە ، چوقۇم بىللە بارىمەن دەپ تېخىمۇ چىڭ تۇرۇۋالدى . دەرۋەقە ، ئىش ئۇنىڭ گۇمان قىلغىنىدەك

بولۇپ چىقتى . ئۇلار تالاش ـ تارتىش قىلىپ ۋوگزالغا يېتىپ كەلگەندە ، لى شۇ لياۋ مىڭلۇڭنى ساقلاپ تۇرغاندى . ئەمەلىي ئەھۋال جياڭ يەننىڭ ئەرۋاھىنى قىرىق گەز ئۆرلىتىۋەتتى . لى شۇنى بىرگە ئالغاچ بېرىشنى لياۋ مىڭلۇڭ ئۆزى قارار قىلغان بولۇپ ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ناھايىتى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىۋاتاتتى . جياڭ يەننىڭ ئوغلىنى مەكتەپكە ئاپىرىپ قويۇشى ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىش بولۇپ ، ئۇنى توسۇپ قېلىش قىيىن ئىدى . شۇنداق قىلىپ ، بۇ يەردە بىر ـ بىرىگە دۈشمەن ئىككى ئايال تەڭ سەپەرگە چىقىش ۋەزىيىتى پەيدا بولدى . لياۋ مىڭلۇڭ ئايالىغا يەنە نەسىھەت قىلىپ باقماقچى بولدى .

ئىككى ئايال لياۋ مىڭلۇڭنىڭ نەسىھەت قىلىپ توسۇشلىرىغا قارىماي ، جان ـ جەھلى بىلەن تىل جېڭى قىلىشىپ ئالەمنى مالىم قىلىۋېتىشتى . ئۇلارنى ئاجرىتىشقا كۆزى يەتمىگەن لياۋ مىڭلۇڭ ئاخىر قۇلىقىنى يۇپۇرۇپ سۈكۈت قىلىپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى . ئوغلىمۇ ئانىسىغا نەسىھەت قىلىپ ، ئۇنىڭ كاج تەقدىرى ئۈچۈن كۆز يېشى قىلدى . لياۋ مىڭلۇڭ پويىزنىڭ قوزغىلىشىغا ئانچە كۆپ ۋاقىت قالمىغانلىقىنى كۆرۈپ ، جياڭ يەننى ئۆيگە قايتىپ كېتىشكە دەۋەت قىلدى . جياڭ يەن ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىدى . لياۋ مىڭلۇڭ ئاچچىقىدا ئۇنى بىر نەرسە دېپ تىللىغانىدەك قىلدى ، جياڭ يەن ئۇنىڭ سېسىق گېپىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ دەرغەزەپكە كەلدى ـ دە ، لياۋ مىڭلۇڭغا ئىككى ئېغىز گەپ ياندۇرىۋەتكەندىن كېيىن ، دەرھال تاكسىدىن بىرنى توسۇپ كۆزدىن غايىب بولدى . لياۋ مىڭلۇڭ بىلەن لى شۇ بۇ «ھازازۇل» خوتۇندىن ئاخىر قۇتۇلغانلىقىغا خوش بولۇشتى . لېكىن ، ئۇلار خاتالاشقان ئىدى . تاكسىدا كېتىۋاتقان جياڭ يەننىڭ كۆز ئالدىدىن بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ئۆزىگە قىلىنغان ھاقارەتلەر كىنو لېنتىسىدەك بىر ـ بىرلەپ ئۆتىۋاتاتتى ، بۇ چاغدا ئۇنىڭ يېشىمۇ قۇرۇپ قالغان بولۇپ ، ئۇنىڭ ئورنىغا قىساس ئېلىش ئىستىكى ئالماشقانىدى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئېرى ئۆيدىن چىقمىدىغان چاغدا قويۇپ قويغان «7.7» تىپلىق تاپانچا نامايان بولدى ، ئۇنىڭ كاللىسىدا شۇ تاپتا چاققانراق ئۆيگە بېرىپ تاپانچىنى ئېلىپ ، بىۋاپا ئېرى بىلەن ئۇنىڭ بۇزۇق ئاشنىسىنى جەھەننەمگە ئۇزىتىشتىن باشقا خىيال يوق ئىدى . تاكسى ھايال بولمايلا ئۇنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى ، ئۇ ئالدىراپ ـ تېنەپ تاپانچىنى تېپىپ يانچۇقىغا سالدى ـ دە ، يەنە تاكسى توسۇپ ۋوگزالغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى . ئۇ ۋوگزالنىڭ پويىز كۈتۈش زالىغا كىرىپ كەلگىنىدە ، ئېرى بىلەن لى شۇ نېمىلەرنىدۇر دېيىشىپ كۈلكە ـ چاقچاق قىلىپ تۇرۇۋاتاتتى . بۇ مەنزىرىنى كۆرگەن جياڭ يەننىڭ ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىش ئىستىكى تېخىمۇ كۈچەيدى . ئۇ ئىككىسىنىڭ ئالدىغا ئوقتەك ئېتىلىپ باردى ـ دە ، لى شۇنى بۇ يەردىن يوقىلىشقا بۇيرىدى ، لى شۇ ئۇنىڭ گېپىگە پەرۋا قىلمىدى . پۈتۈن ۋۇجۇدى كۈچلۈك غەزەپ ـ نەپرەتكە تولغان جياڭ يەن ئاۋۋال لى شۇگە ، ئاندىن لياۋ مىڭلۇڭغا قارىتىپ ئىككى پاي ئوق ئۈزۈپ ، ئۇلارنىڭ قانغا مىلەنگەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن ، ئاخىرىدا تاپانچىنى ئۆزىنىڭ مېڭىسىگە چەنلەپ تەپكىنى باستى...

★

لياۋ مىڭلۇڭ ئوق ئەجەللىك يېرىگە تەگمىگەچكە ، تەلىيى كېلىپ ئۆلمىدى . ئۇ دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلىپ جىددىي قۇتقۇزۇلغاندىن كېيىن ، ئۆمۈرلۈك مەجرۇھ بولۇپ ئامان قالدى . ئۇ ئايالى بىلەن ئاشنىسىنىڭ تەڭلا ھاياتىدىن ئايرىلغانلىقىنى ئاڭلاپ ، قاتتىق ئازابلاندى ۋە ئىنتايىن پۇشايمان قىلدى . شۇنداق قىلىپ ، ئۇنىڭ ئايالى بىلەن ئاشنىسى بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشتى ، ئۆزى خىزمەتتىن ھەيدەلدى . ئوغلى ئەمدى ئۇنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلمەسلىكى مۇمكىن ئىدى . لياۋ مىڭلۇڭ ئايالى بىلەن ئاشنىسىنىڭ جەسەت كۈلىنى ياتاق ئۆيىگە قويۇپ قويدى . ئۇ ھەر قېتىم بۇ ئىككى ئايالنىڭ سۈرىتىگە قارىغىنىدا ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئۆكسۈپ يىغلاپ كېتەتتى . ئوتتۇرا ياشقا كەلگەن بۇ ئەرگە ئەمەلىيەتتە كېيىنكى ئۆمرىنى چەكسىز ئازاب ، پۇشايمان ۋە غورىبەتچىلىك ئىچىدە ۋىجدان ئازابى تارتىپ ئۆتكۈزۈشتىن باشقا ئامال يوق .


مۇھەببەت ئىنسانلار ئۈچۈن بىباھا ئەڭگۈشتەر ، مۇھەببەت ئوتى رەڭدار ۋە قىزىق بولىدۇ . لېكىن ، ئۇ قانۇن ۋە ئەخلاق چېگرىسىدىن ھالقىپ كەتسە ، ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋېتىلسە ، ئۇ تېزلا ئۆز ئېگىسىنى كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ...

لياۋ مىڭلۇڭنىڭ پاجىئەسى دەل مۇشۇ خىلدىكى كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان تىپىك مىسالدۇر .

قاھار ئوسمان تەرجىمىسى

# تايلاندتا بۇددا دىنىدىكىلەر سەتچىلىكى ئاشكارىلاندى

سەي شياۋيۇ



تايلاندتا راھىبلارنىڭ پاھىشىۋازلىق ، ئالدامچى-
لىق قىلىش ، ئوغرىلىق قىلىش ، پارا بېرىش ۋە
چېرىكلىشىشكە دائىر سەتچىلىكلىرى ئارقا ـ ئار-
قىدىن ئاشكارىلاندى . بىر ئۈچۈم بۇددا مۇناپىقلىرى
كىشىلەرنىڭ بۇددا دىنىغا بولغان ئىخلاسمەنلىكى ۋە
ئېتىقادىدىن پايدىلىنىپ ، ئۆزىنىڭ ھەممىدىن يۇ-
قىرى تۇرىدىغان تاشقى قىياپىتىگە تايىنىپ ، شەر-
مەندىلەرچە ئەسكىلىكلەرنى قىلىپ ، بۇددا دىنىنىڭ ،
ھەتتا تايلاند دىنىي ساھەسىنىڭ نام ـ شۆھرىتىگە
غايەت زور زىيان يەتكۈزۈپ ، جامائەتچىلىكنىڭ
كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىدى . بۇددا دىنى مۇنا-
پىقلىرىنى تازىلاپ ، راھىبلار قوشۇنىنى پاكلاشتۇ-
رۇش ئۈچۈن ، تايلاند ھۆ-
كۈمىتى ئاخبارات ساھە-
سىنىڭ بۇ ئىشنى ئاشكا-
رىلىشىنى تەلەپ قىلدى
ھەمدە قانۇنسىزلىق قى-
لىپ جىنايەت ئۆتكۈزگەن
بۇددا دىنى مۇناپىقلىرىنى
تازىلىدى ۋە قانۇن بويىچە
جازاغا تارتتى .

بۇ ئىشلارنىڭ ھەممى-
سى 2000 ـ يىلىنىڭ ئاخى-
رىدا باشلانغان بولۇپ ، تا-
ماسۇن ۋانسەي ئىسىملىك
بىر راھىب يالغاندىن پول-
كوۋنىك دەرىجىلىك ئو-
فىتسېر بولىۋالغانلىقى
ئۈچۈن قولغا ئېلىندى .
ۋانسەي تايلاند سوپان ۋورى
ۋىلايىتىدىكى ئىبادەتخانى-
نىڭ باش راھىبى ھەم ئى-
بادەتخانىدا خېلى نوپۇزى
ۋە تەسىرى بار شەخس ئى-
دى .

ساقچى دائىرىلىرى بۇ
«پولكوۋنىك» نى نەق مەي-
داندا قولغا ئالغاندا ، ئۇ
تېنىۋېلىشقا ھېچقانداق
باھانە تاپالمىدى . كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تېخىمۇ
جەلپ قىلغىنى شۇكى ، تايلاند بويىچە كۆرۈرمىنى
ئەڭ كۆپ بولغان ITV قانىلى تېلېكامېرا بىلەن ،
يالغاندىن پولكوۋنىك دەرىجىلىك ئوفىتسېر بولى-
ۋالغان بۇ ئادەمنىڭ كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۇ-
رىدىغان ھەر بىر قىلىقىنى باشتىن ئاخىرى سۈرەتكە
ئېلىۋالغان بولۇپ ، بۇ فىلىمنى تېلېۋىزىيە پروگ-
راممىسىدا ئاشكارا كۆرسىتىپ ، زىلزىلە قوزغىدى .

راستلىقىغا قىل سىغمايدىغان كۆرۈنۈشلەر
كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ــ ئېكراندا ئايان بولدى ،
كىشىلەر ئامىمنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان باش
راھىب ۋانسەينى ساقچىلارنىڭ قارا رەڭلىك

پىكاپىدىن تارتىپ چىقارغانلىقىنى كۆردى . ئۇ ئۇچىسىغا ھەربىي كىيىم كىيىۋالغان بولۇپ ، يۇقىرى ئاۋازدا : «مەن بىر ھەربىي ، مېنى نېمىشقا قولغا ئالىسىلەر ؟» دەپ چوقان سېلىپ ، قارشىلىق قىلاتتى . ئۇ قولغا ئېلىنىشقا قارشىلىق قىلىۋاتقاندا ، ئۇنىڭ ئۇچىسىغا كىيىۋالغان ئالاھىدە قىسىمنىڭ ھەربىي كىيىمى ئاستا ـ ئاستا سىيرىلىپ چۈشۈپ ، مۇقەددەس كاساياسى ئېچىلىپ قالدى .

بۇ قېتىمقى تۇتۇش ھەرىكىتى ، ITV تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ، كىشىلەر مەخپىي تەمىنلىگەن يىپ ئۇچىغا ئاساسەن ، توپ توغرا ئىككى كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ ، ساقچىلار بىلەن كۆڭۈل قويۇپ ھەمكارلاشقانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى . ئىككى كۈندىن كېيىن ، بۇ قېتىملىق ھەرىكەتنىڭ سىن ئالغۇ لېنتىسى تايلاندنىڭ چۈشتىن كېيىن سائەت بەشتىكى خەۋەرلەر پروگراممىسىدا كۆرسىتىلدى .

ئېكراندا ۋانسەينىڭ ئېرى بار ئىككى ئايال بىلەن بىر رېستوراندا ۋىسكىي ئىچىۋاتقان كۆرۈنۈشى نامايان بولدى .

ئۇزۇن ئۆتمەي ، ئۇنىڭ بىنلەن بىللە ھاراق ئىچكەن ھېلىقى ئىككى ئايال بىر تاكسى بىلەن كېلىپ ۋانسەينىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا توختىدى . ئېكراندا ئۇلارنىڭ ۋانسەينىڭ دەرۋازىسىدىن ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كىرىپ كەتكەنلىكى كۆرۈندى . بىر ئازدىن كېيىن ، بەدىنىنىڭ ئۈستى قىسمى يالىڭاچ ۋانسەي ياتاق ئۆيىنىڭ پەنجىرىسىنى ئەتتى . ئۇنىڭدىن كېيىن بولغان ئىشلارنى ھەممە ئادەم پەرەز قىلالايدۇ . ساقچىلار ئۇنىڭ ئۆيىدىن شەھۋانىي رەسىملىك ژۇرنال ، ئاياللارنىڭ قىزىل ۋە قارا ئىچ كىيىمى ، ئىسپىرت ۋە ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش قاپچۇقى قاتارلىق نەرسىلەرنى تاپتى . بۇنىڭدىن ئۇ كۈنى كەچتە ۋانسەينىڭ ئۇ ئىككى ئايال بىلەن نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى .

ساقچىلار ۋانسەينىڭ باڭكوكنىڭ شىمالىدىكى ۋۇرى ۋىلايىتىگە جايلاشقان ئۆيىگە يەنە بىر قېتىم باردى . ئۇلار بۇ ئۆيىنى ئاختۇرۇپ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان نۇرغۇنلىغان جىنايەت پاكىتلىرىنى تاپتى . ۋانسەي ئۆيىگە يوقلاپ كەلگەن ھېلىقى ئىككى ئايالنى تۇغقانلىرىم دەۋالدى . ئۆزىنىڭ ھەربىي كىيىم كىيىۋالغانلىقىنى ئىلگىرىكى سىئام پادىشاھقا بولغان ھۆرمىتىمدىن بولغان دەپ چۈشەندۈردى . ئەمما ، ئۇنىڭ توقىغان بۇ بىمەنە سۆزلىرىگە ھېچكىم ئىشەنمىدى .

بۇ بۇددا دىنى مۇناپىقى ھەقىقەتەنمۇ ئۆزى كىيىۋالغان ھازىرقى زاماندىكى ئالاھىدە قىسىمنىڭ ھەربىي كىيىمىنىڭ ئىلگىرىكى پادىشاھلىقتىن نەچچە ئەسىر كېيىن بارلىققا كەلگەنلىكىنى ئويلاشقىنىمۇ ئۈلگۈرەلمىگەنىدى . كېيىن ئۇ يەنە : «ئارمىيىگە بولغان ھۆرمىتىمدىن ھەربىي كىيىم كىيگەن ، ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىمدىكى ھەربىي بولۇش ئارزۇيۇمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئويلىغانىدىم» دېدى .

كۆپلىگەن ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان پاكىتلار ، مەسىلەن ، ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش قاپچۇقى ، ۋىسكىي ۋە ئاياللارنىڭ ئىچ كىيىمى قاتارلىقلار ئالدىدا ۋانسەينىڭ ئۆزىنى ئاقلىشىنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمىدى . تايلاند بۇددا دىنىي تەشكىلاتى تېزدىن ئۇنى بۇددا دىنىدىن قوغلاپ چىقىرىش قارارىنى چىقاردى .

ساقچىلار يەنە ۋانسەينىڭ ماخاتا ئىبادەتخانىسىدىكى تۇرالغۇسىنىمۇ ئاختۇرۇپ ، ئۇنىڭ ئۆيىدىن بانكىنىڭ چەكلىرى ۋە نۇرغۇنلىغان نەق پۇلنى تاپتى . ساقچىلار ، بەزىلەر بۇ سابىق باش راھىب بىلەر تىل بىرىكتۈرۈپ سوپان ۋۇرى ۋىلايىتىدىكى ئىبادەتخانىنىڭ نۇرغۇن پۇلىنى يوتۇۋالغان بولۇشى مۇمكىن ، دەپ گۇمان قىلدى .

ساقچىلار ۋانسەينى ماخاتادىكى تۇرالغۇسىدىن ئېلىپ ماڭغاندا ، ئامىمىنىڭ غەزىپى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى . ۋانسەي قولىغا كويزا سېلىنغان ، بېشى ساڭگىلىغان ھالدا ، نەچچە مىڭلىغان غەزەپلەنگەن ئامىمىنىڭ تىل ـ ھاقارەتلىرى ۋە مەسخىرىلىرى ئىچىدە ، ئۇر ـ ئۇرغا قالغان چاشقاندەك ، ئىبادەتخانىدىن يالاپ ئېلىپ كېتىلدى .

بۇ سابىق باش راھىب يالغاندىن ھەربىي بولىۋالغانلىقى ئۈچۈن بەش يىل قاماقتا يېتىشى كېرەك ئىدى . ۋانسەينىڭ ئىككى خىل تۇرمۇشى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى .

ۋانسەينىڭ ئىككى خىل تۇرمۇشىنى كىشىلەر بىلمەي كەلگەنمىدۇ ؟ ئەمەلىيەتتە ، ئىبادەتخانا ئەتراپىدىكى يۇقىرىلار ۋانسەينىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنى

بۇرۇنلا بىلگەن ، ئەمما ئۇلار ئېتىراز بىلدۈرگەنىنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق دەپ قاراشقان . ئۇلار «باش راھىب» ئىچىدىن سىبسىغان ئالمىغا ئوخشاپ قالدى ، ئۇنى قۇتقۇزغىلى بولمايدۇ ، دەپ قاراشقان . بىراق ، ئۇلار ۋانسەي بىلەن ئارمىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئىر- ماش - چىرماش مۇناسىۋەتتىن قورققاچقا ، دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرگەن .

— ئۇنىڭ نىقاۋىنىڭ يىرتىپ تاشلانغانلىقىدىن ناھايىتى خۇشال بولدۇم ، — دېدى يەرلىك ئاھالىدىن بىرى ، — بىز ئۇنىڭ نۇرغۇنلىغان شەرمەندىچە- لىكلەرنى قىلغانلىقىنى بىلىپ تۇرساقمۇ كىمگە مەلۇم قىلىشنى بىلمەيتتۇق .

كىشىلەر ، ئىبادەتخانىدا ۋانسەينى ئاسەسەن ئۇچراتقىلى بولمايدىغانلىقىنى ، بىراق يامانلىقتىن ساقلايدىغان سېھرىي كۆچى بار دەۋالغان بۇددا تىل تومارىنى ھەربىي ئەمەلدارلارغا بەرگەنلىكىنى كۆر- گىلى بولىدىغانلىقىنى دېيىشتى . بەزى ھەربىي ئەمەلدارلارمۇ دائىم ئۇنىڭ ئىبادەتخانىسىغا كۆپلەپ پۇل ۋە مال - دۇنيا ھەدىيە قىلىپ تۇراتتى . ۋانسەي ھەرگىز ئەخمەقلەردىن ئەمەس ، ئۇ قىسىمدىكى ئەربابلاردىن پايدىلىنىپ ئالاھىدە قىسىمنىڭ بىر قۇر يېڭى كىيىمىگە ئىگە بولىۋالغانىدى ، يەنە تېخى پولكوۋنىكلىق ھەربىي ئۇنۋان بەلگىسىنىمۇ تاقاپ يۈرەتتى .

ۋانسەي ھەربىيلەر ئىچىدىكى مۇناپىقلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپلا قالماي ، بەلكى بۇتخانا ئىقتىسا- دىنىمۇ ناھايىتى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتكەنىدى . ئۇ- نىڭ باشكوك داماكايۇ ئىبادەتخانىسىنىڭ باش راھە- بى پارا ماچايۇ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ ئادەتتە- كىچە مۇناسىۋەت ئەمەس ئىدى . پارا ماچايۇ ئىبادەت- خانىنىڭ مەبلىغىنى ئىشلىتىۋالغانلىقى ئۈچۈن تەكشۈرۈلگەن . ئىككى يىل بۇرۇن ، داماكايۇ ئىبا- دەتخانىسى تەنقىد قىلغۇچىلارنىڭ ھۇ- جۇمىغا ئۇچرىغاندا ، ۋانسەي ئوتتۇرىغا چىقىپ پارا ماچايۇنى ئاقلىغان ھەمدە تايلاند بۇددا دىنى ئالىي شەيخىنىڭ دا- ماكايۇ ئىبادەتخانىسى ئەيىبلەنگەن بىر باياناتقا قويغان ئىمزاسىنى يالغان دەپ جاكارلاپ ، غايەت زور غۇلغۇلا پەيدا قىلغان .



تايلاند جىنايى ئىشلار ساقچى ئە- مەلدارى چاۋىي سۇدېسۇك مۇنداق دېدى : «ئۇ (ۋانسەي) ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇن قولغا ئېلىنغانلار بۇددا دىنىغا زىيان يەتكۈزى- دىغان ئەسكىلىكلەرنى قىلغان بىر- دىن - بىر يۇقىرى مەرتىۋىلىك راھىبلار ئەمەس ، مېنىڭچە ، شۇنداق بىر گۇرۇھ ئادەم بار ، بىز چوقۇم ئۇلارنىڭ ھەممى- سىنى قولغا چۈشۈرۈشىمىز كېرەك» . مەلۇم بىر خەۋەردە ھەتتا ۋانسەينىڭ «CHIVAS REGAL» دېگەن بىر گۇ- رۇھنىڭ ئەزاسى ئىكەنلىكى ، بۇ گۇ- رۇھنىڭ ۋىسكىغا ئامراقلىقى بىلەن نام چىقارغانلىقى ئېيتىلغان . ساقچى دائى- رىلىرى بۇ گۇرۇھنىڭ ئەزالىرىنىڭ كۆپىنىڭ قېچىپ يۈرىۋاتقانلىقىغا

ئىشىنىدۇ .

ۋانسەينىڭ يالغاندىن ھەربىي بولۇۋېلىشتەك رەزىل ئەپت ـ بەشىرىسى ئاشكارىلىنىشتىن بىر ھەپتە بۇرۇن ، باڭكوكتىكى شىلىۋىڭلاڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ باش راھىبى بىلەن خوڭتوڭ مەھكىمىسى ئىبادەتخانىسىنىڭ باش راھىبىمۇ تايلاند ساقچىلىرى بىر كارا OK مەيخانىسىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغاندا دەل تېلېكامېراغا توغرىلىنىپ قالغان . بۇ ئىككى راھىب يالغان چاچ كىيىپ ، قارا كۆزەينەك تاقاپ ، پۇقراچە ياسىنىۋالغان بولۇپ ، بىر تەرەپتىن ، شوپۇر بىلەن يەپ ـ ئىچىپ ، يەنە بىر تەرەپتىن ، مەيخانىدىكى ئايال ناخشىچى بىلەن كۆڭۈل ئېچىۋاتقان چاغدا ، ئۇلارنىڭ بۇ رەزىللىكلىرىنى تېلېكامېرا پۈتۈنلەي سۈرەتكە ئېلىۋالغان . نەتىجىدە ، بۇ ئىككى بۇددا دىنى مۇناپىقى ئىبادەتخانا باش راھىبلىقىدىن قالدۇرۇلغان .

تايلاند ئاخبارات ۋاسىتىلىرى ئاشكارىلىغان بۇددا دىنى راھىبلىرىنىڭ سەتچىلىكلىرى توغرىسىدىكى ئەڭ يېڭى خەۋەرلەر يەنە بىر ئوخشاش جىنسلىقلار بىلەن مۇھەببەتلىشىدىغان راھىبلار بىلەن بىر باش راھىبقا قارىتىلغان ئەيىبلەشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . بۇ باش راھىب خۇسۇسىي قورال ساقلاپ ، ئىشقى ھەۋەسكە بېرىلىپ كەتكەن . ئەمما ، «پولكوۋنىك ۋانسەي» رەسۋاچىلىقى تايلاند دىنىي ساھەسىدە يۈز بەرگەن بىر قاتار رەسۋاچىلىقلار ئىچىدىكى ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بىر رەسۋاچىلىقتۇر .

ITVتېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئوپېراتورلىرى ئىككى كۈن ئىز قوغلاپ كۆزىتىش ئارقىلىق توپلىغان پاكىتلارنى ساقچىلارغا تاپشۇرۇپ بەردى . ئۇلار راھىبلارغا قوپال مۇئامىلە قىلىشنى ئەزەلدىن ئويلاپ باقمىغانىدى . تايلاند دائىرىلىرى تايلاند مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ قورغانى بولغان بۇددا دىنىنىڭ كىشىلەرنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىشىغا ئۇچراۋاتقانلىقىنى ئازاب بىلەن تونۇپ يەتتى .

تايلاندتىكى نۇرغۇن كىشىلەر يۇقىرى مەرتىۋىلىك راھىبلارنى چۆرىدىگەن ھالدا كېلىپ چىققان خىلمۇ خىل مەسىلىلەرنىڭ چوڭقۇر مەنبەسى بار دەپ قاراشماقتا . كىشىلەر ئىزچىل تۈردە بىر مۇنچىلىغان ئىبادەتخانىلار بىلەن ئالاقە قىلىپ تۇرغاچقا ، بەزى سالاھىيىتى كونا راھىبلارنىڭ بۇددا مۇرتلىرى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەنلىكىنى بۇرۇنلا بىلگەن ، بۇنداق ئەھۋال ھېچقانداق مەخپىيەتلىكى بولمىغان ئەھۋال بولۇپ قالغاچقا ، كىشىلەر كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سالغان .

تايلاندلىق سىياسىي ئوبزورچى ۋە يازغۇچى تېيىنۇڭ كاڭتوڭ بىر ئوبزورىدا ئەنسىرىگەن ھالدا : «ئەگەر سېرىق كاساياغا ئورىنىۋالغان ئەشۇ بۇددا دىنى قوغدىغۇچىلىرى ئۆزىنىڭ قەسىمىنى بۇلغىغان ھەم ئۆزىنىڭ رەزىل ئەخلاق قارىشىنى ساقلاپ قالىدىغان بولسا ، ئۇنداقتا تايلاند خەلقى ئۇلارغا بولغان ئىشەنچىسى ۋە ھۆرمىتىنى قانداقمۇ داۋاملىق ساقلاپ قالالايدۇ ؟» دېدى .

نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىنىڭ نامزاتلىقىغا كۆرسىتىلگەن سۇلاك سىۋاراكسا (SULAK SIVARAKSA) كۆڭۈلى تۈز ئىجتىمائىي ئوبزورچى ۋە پائالىيەتچى . ئۇ مۇنداق دەيدۇ :«كىشىلەر تايلاند بۇددا دىنىنىڭ سەككىز ـ توققۇز يۈز يىلدىن بۇيان ئىزچىل تۈردە تايلاند جەمئىيىتىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ كەلگەنلىكىنى چۈشىنىشى كېرەك . ۋاھالەنكى ، تايلاند جەمئىيىتى ، ئومۇمەن ئېيتقاندا تېرىقچىلىقتا تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىغان يېزا ئىگىلىك جەمئىيىتى . شۇڭلاشقا ، ئىبادەتخانا مەدەنىيەت ـ مائارىپ ۋە ئەخلاق پائالىيەتلىرىنىڭ مەركىزى بولۇپ قالغان . راھىبلار ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ ، كىشىلەرنىڭ مەنىۋى داھىسىغا ئايلانغان . 30 يىلدىن بېرى بىز ئىزچىل تۈردە ئامېرىكىنىڭ تەرەققىيات ئەندىزىسىگە قارىغۇلارچە ئەگەشتۇق . بۇ خىل ئەندىزە تايلاندنىڭ ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىك تۇرمۇشىنىڭ كۆپ قىسمىنى ۋەيران قىلىۋەتتى ، راھىبلار ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ ، خاتىرجەم ھالدا نوم ئوقۇمايدىغان بولۇپ قالدى» .

سۇلاك يەنە مۇنداق دەيدۇ : «تايلاندتىكى نوپۇزلۇق راھىبلارنىڭ كۆپ قىسمى ھازىر 60 ـ 70 ياشلاردىكى پېشقەدەملەرگە ئايلاندى . ئۇلار ئۆسمۈرلۈك چېغىدىلا راھىب بولغان بولۇپ ، ئەزەلدىن جىنسىي تۇرمۇش ئۆتكۈزۈپ باقمىغان . بۇددا دىنىنىڭ قائىدە ـ قانۇنلىرىغا سادىق بولۇپ كەلگەن ، روھىي جەھەتتە بۇددا دىنىغا ئېخمۇ مايىل ئاشۇ بىر قىسىم كىشىلەر



يەنىلا ئۆزىنىڭ پاكلىقىنى ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ. بىراق، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر ئىقتىسادىي تەرەققىيات مۇئەسسىسىنىڭ ئېرىقتۇرۇشىغا تاقابىل تۇرالمايۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەن ھەم ئۇلار ئۇنۇملۇك دەرىجىدە نازارەتمۇ قىلىنمايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويغانلىقىنى ھېس قىلىشىۋاتىدۇ. بەزىلەر راھىبلار جەمئىيەت تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلدى، ئۇلار «سەپتىن چۈشۈپ قالدى» دەپ قارىماقتا. يامان بولغىنى شۇكى، بۇ راھىبلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ «سەپتىن چۈشۈپ قالدۇق» دەپ قاراشماقتا. شۇڭا، ئۇلار پەيتنى چىڭ تۇتۇپ دىن سىرتىدىكى كىشىلەرگە يېتىشىۋېلىشنى ئويلىشىدۇ». ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر بىزدە ماشىنا بولىدىكەن، ئۇلارمۇ ئۆزلىرىدە ماشىنا بولۇشىنى ئويلايدۇ. ئەگەر بىزدە توڭلاتقۇ بولىدىكەن، ئۇلارمۇ ئۆزلىرىدە توڭلاتقۇ بولۇشىنى ئويلايدۇ، دەرۋەقە، بۇ نەرسىلەر ئەينى چاغلاردا قول يەتمەيدىغان نەرسىلەر ئىدى. بىراق، كىشىلەر بۇددا دىنى ئەقىدىسىنىڭ چىن مەنىسى قانداق قىلىپ ئاددىي ـ ساددا تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىشى كېرەك. ھالبۇكى، بۈگۈنكى كۈندە بەزى راھىبلار ھوقۇققا بېرىلىپ كەتتى، ھەتتا راھەتپەرەسلىك قايىنىمىغا چۆكۈپ كەتتى».

ئەنئەنىۋى جەھەتتىن قارىغاندا، كىشىلەر يېمەكلىكلەرنى، پۇللارنى بۇتخانىلارغا سەدىقە قىلىشتا ساۋاب تېپىشنى كۆزدە تۇتاتتى. لېكىن، بۈگۈنكى تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان ئىستېمال دۇنياسىدا كۆپ پۇل ۋە مول ماددىي ئەشيالار ئاددىي سوۋغاتلارنىڭ ئورنىنى تېز ئىگىلىمەكتە. كىشىلەر، ئومۇمەن ئىئانە قىلغان پۇل قانچە كۆپ بولسا، ئاخىرەتلىك ئۈچۈن قىلىنغان ساۋابلىق ئىشلارمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ دەپ قارايدىغان بولۇپ قالدى.

ھازىرقى بىر قىسىم سىياسەتۋازلارمۇ ئىئانە قىلىشقا قاتنىشىدىغان بولدى، ھەتتا ئىئانە قىلىنغان پۇللىرىنى ئىبادەتخانا باش راھىبلىرىنىڭ شەخسىي بانكا ھېساباتىغا بىۋاستە كىرگۈزۈۋېتىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى. مالىيە ئىقتىسادىي تەپتىشلىكى ياخشى بولمىغانلىقتىن ۋە باشقۇرۇش، نازارەت قىلىش خىزمەتلىرى يېتىشىپ ماڭمىغانلىقتىن، كىشىلەر بۇنداق ئىشلارنى ھەرگىزمۇ سېزىۋالالمايدۇ.

تايلاند بۇددا دىنى ساھەسىدە ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بەرگەن بۇددا دىنى مۇناپىقلىرىنىڭ رەسۋاچىلىقلىرىغا قارىتا، جامائەتچىلىك تايلاند بۇددا دىنى راھىبلىرىدىكى رەسۋاچىلىقنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىشنىڭ ئاچقۇچى بۇددا راھىبلىرى بىلەن ماددىي بەھرىمەنپەرەسلىك ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى ئۈزۈپ تاشلاشتا، دەپ قاراشماقتا. بۇ مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن چوقۇم باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىش، زور كۈچ سەرپ قىلىپ بۇددا دىنى مۇناپىقلىرىنى تازىلاپ، بۇددا دىنى قوشۇنىنى پاكلاشتۇرۇش كېرەك.

قىستۇرما رەسىملەر:

1 ـ رەسىم: تايلاند ئىبادەتخانا باش راھىبى (ئوتتۇرىدا) ئومۇمنىڭ پۇلىنى يۆتكەپ ئىشلىتىۋالغانلىقى ئۈچۈن تەكشۈرۈلدى.

2 ـ رەسىم: قولغا ئېلىنغان يالغان پولكوۋنىك ۋانسەي.

3 ـ رەسىم: ۋانسەي تايلاند ساقچىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىندى.

**مامۇتجان ئېلى تەرجىمىسى**



# بىر ئىتتىك مەستانە بولغۇچىنىڭ ئۆلۈم يولىغا مېڭىشى

جۇ گۇڭبى ، جاڭ جىفېڭ ، دىڭ گۇاڭ

2001 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ، شىنجاڭ بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 8 ـ شىسى 148 ـ تۇەن ـ مەيدانى 2 ـ يىڭدا بىر فالۇن گۇڭچىسى مەستانىسى قىپ. يالىڭاچ هالدا بەش مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئۆگزىدىن ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلۈۋالدى .

ئۆلگۈچىنىڭ ئىسمى يەن فېڭ ، 31 ياش ، 1991 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن 1994 ـ يىلغىچە هەربىيلىكتە تۇرغان ، 1995 ـ يىلدىن 1998 ـ يىلغىچە 148 ـ تۇەن خەلق قوراللىق بۆلۈمىدە ياردەمچى بولۇپ ئىشلىگەن ، كېيىن 2 ـ يىڭ پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىدا ئىشلىگەن .

8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى سائەت 13 دىن 40 مىنۇتلار ئۆتكەندە ، يەن فېڭ ئاتا ـ ئانا ، ئاكا ـ ئۇكىلىرىنىڭ ئۆيدە يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ ، ئۆز هوجرىسىدا «يۇيۇنۇپ پاكلانغان» دىن كېيىن قىلچە ئىككىلەنمەستىن هويلىدىكى شوتا بىلەن ئۆگزىگە ، ئاندىن ئۆز ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىدىن قوشنا ماگىزىنىنىڭ ئۆگزىسىگە يامىشىپ چىققان...

2 ـ يىڭدىكى بىر ئاشپۇزۇلنىڭ خوجايىنى خې يۈجۈن ئەينى چاغدىكى ئەهۋالنى ئەسلەپ مۇنداق دېدى :

8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى چۈش ۋاقتى سائەت بىر يېرىم بولغان چاغ ئىدى . بىز يەن فېڭنى ئالدىدىكى چوڭ ماگىزىنىنىڭ ئۆگزىسىدە كۆردۇق . شۇنىڭ بىلەن بىز شوتا بىلەن ئۆگزىگە چىقىپ ئۇنى چۈشۈپ كېتىشكە دەۋەت قىلدۇق . ئۇ ئوڭ قولىدا بېلىنى تۇتۇپ تۇراتتى . بىزگە ئۆرۈلۈپ قاراپ قويۇپ پەرۋامۇ قىلماي ئالدىغا قاراپ تۇرىۋەردى . بىز : «يەن فېڭ ، چۈشكىن ، ئاپاڭ پەستە بەك ئازابلىنىپ كېتىۋاتىدۇ» دېدۇق . ئۇ بىزگە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن : «مەن بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن» دېدى . ۋۇ خەيتاۋ ئىككىمىز ئامال قىلالمىغاندىن كېيىن ، ئۆگزىدىن چۈشۈپ ئۇنىڭ ئاكىسىغا بۇ ئىشنى خەۋەر قىلدۇق ، ئاندىن ساقچىغا مەلۇم قىلدۇق .

موسۇۋەن ساقچىخانىسىنىڭ خۇشنىيى ساقچى رايونى دېلودىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ، ساقچى باشلىقى ۋاڭ جېنخۇا دەرهال ساقچىلارنى باشلاپ يېتىپ كېلىپ ، 2 ـ يىڭ پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى رەهبەرلىكى هەمدە ئامما بىلەن نەق مەيدانغا قۇتقۇزۇش ۋە نەسىهەت قىلىشقا بارغان . ۋاڭ جېنخۇا مۇنداق دېدى :

«بىز ئامما مەلۇم قىلغان دېلودىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن دەرهال نەق مەيدانغا باردۇق هەمدە زاۋۇت رەهبەرلىرى بىلەن تەدبىر قوللىنىپ سېلىنچا سېلىپ يەن فېڭنى قۇتقۇزىۋالماقچى بولدۇق» .

ئۇ ماگىزىن 2 ـ يىڭدىكى ئېگىز قۇرۇلۇش بولغاچقا ، يەن فېڭ ئۆگزىگە چىققان هامانلا كىشىلەر ئۇنى كۆرۈۋالغان . نەق مەيداندا بار ئىككىيلەن يەن فېڭ ئۆزىنى ئۆگزىدىن ئاتقاندىكى ئېچىنىشلىق مەنزىرىنى ئەسلەپ مۇنداق دېدى :

«ئۇ ، ‹مەن فالۇن گۇڭچىسىنىڭ مۇرىتى يەن فېڭ ، فالۇن

ئەقىدىسى مەڭگۈ نۇر چاچىدۇ» دېدى ـ دە، سۇغا سەكرەش ھەرىكىتى بىلەن ئۆزىنى پەسكە ئاتتى. ئۇنىڭ ئۇستىۋېشى توپىغا مىلىنىپ، بۇرنىدىن ئۇقتەك قان كەتتى».

«مەن تاماق يەۋېتىپ ئۆگزىدە بىرىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. بىردەمدىن كېيىن ئۇ يەردىن ‹فالۇن ئەقىدىسى مەڭگۈ نۇر چاچقۇسى!› دېگەن ئاۋازدىن كېيىنلا ‹گۈپ› قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ئاۋاز بەك قاتتىق ئىدى. مەن شۇنداق بىر قارىدىم ـ دە، يەنە قاراشقا جۈرئەت قىلالمىدىم...»

ساقچى باشلىقى ۋاڭ جېنخۇا مۇنداق دېدى: «ئۇ يىقىلغاندىن كېيىن ئېغىز ـ بۇرنىدىن قان كەتتى، كۆز قارىچۇقى ئارقىسىغا تارتىشىپ قالدى. تومۇرىنى تۇتۇپ باقسام، ئاززاق سوقۇۋېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى دەرھال ساقچى ماشىنىسى بىلەن دوختۇرخانىغا جىددىي قۇتقۇزۇشقا ئېلىپ باردۇق».

يەن فېڭنى جىددىي قۇتقۇزغىنى 148 ـ تۈەن دوختۇرخانىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى گۇدېخې ئىدى، ئۇ ئەينى چاغدىكى قۇتقۇزۇش جەريانىنى ئەسلەپ مۇنداق دېدى:

«يەن فېڭنى 2 ـ يىلى ساقچى رايونىنىڭ ساقچى باشلىقى بىزنىڭ دوختۇرخانىغا قۇتقۇزۇشقا ئېلىپ كەلگەنىكەن. شۇ چاغدا ئۇ چۈشەندۈرۈپ، بۇ بىر فالۇن گۇڭپىسىنى مەشىق قىلغۇچى، دېدى. بىز تەكشۈرگەندىن كېيىن مېڭىسىگە قان ئۇيۇپ قالغان، دەپ دىئاگنوز قويدۇق. مېڭە قۇتىسىنىڭ بېسىمىنى پەسەيتىپ، قاننى توختىتىپ تىنچلاندۇرغاندىن كېيىن، ئۇنى ئۆز ۋاقتىدا يېزا ئىگىلىك 8 ـ شىسى دوختۇرخانىسىغا يوللاپ بەردۇق».

يەن فېڭنىڭ چوڭ مېڭىسىنىڭ ئوڭ تەرىپى كەڭ دائىرىدە ئولتۇرۇشۇپ، مېڭە قۇتىسىنىڭ بېسىمى ئېشىپ كەتكەنلىكتىن، 8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى سەھەر سائەت ئىككىدىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي ئۆلۈپ كەتكەن.

يەن فېڭ 1996 ـ يىلىدىن باشلاپ فالۇن گۇڭپىسىنى مەشىق قىلغان. بۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇ چىقىشقاق، باشقىلار بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتۈشكە خۇشتار، خىزمەتتە ئاكتىپ بولۇپ، قوشنىلىرى ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى «ياخشى بالا بولدى» دەپ ماختىشاتتى. تاغىسى يۇ شىچۈن ئەينى چاغدىكى يەن فېڭنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ مۇنداق دېدى: «پۈتۈن 2 ـ يىگىدىكىلەرنىڭ قايسى بىرى بىزنىڭ يەن فېڭنى ياخشى دېمەيتتى ـ ھە!»

يەن فېڭ فالۇن گۇڭپىسىنى مەشىق قىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن، بۇ بىدئەت تەلىماتنىڭ «چىن، دىيانەت، سەۋر» دېگەندەك بىدئەت قاراشلىرى بويىچە گۆش يېيىشنى تەرك ئەتكەن. مىجەزى بارغانسېرى غەلىتىلىشىپ، روھىي ھالىتى بىنورمال، جىمغۇر، ئادەمدىن قاچىدىغان بولۇپ قالغان، ئۆيىدىكىلەرگىمۇ ئىنتايىن سوغۇق مۇئامىلە قىلغان. ئاتا ـ ئانىسى قېرىپ ئاغرىقچان بولۇپ قالغان بولسىمۇ، سۇ توشۇيدىغان، كۆمۈر ئەكىلىدىغان ئىشلارغىمۇ يېقىن كەلمەس بولغان.

يەن فېڭنىڭ ئىنىسى يەن لىڭ ئاكىسىنىڭ فالۇن گۇڭپىسىنى مەشىق قىلىشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ئەھۋالىنى ئەسلەپ مۇنداق دېدى:

«فالۇن گۇڭپىسىنى مەشىق قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ سۆزى كۆپ ئىدى. قاچان مەشىقنى باشلىدى، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ جىمغۇرلىشىپلا كەتتى. بىر كۈن كەچكىچە كىتاب كۆرەتتى. كۆرگىنىنىڭ ھەممىسى فالۇن گۇڭپىسىغا ئائىت كىتابلار ئىدى، ئۇ تېلېۋىزورنىمۇ كەمدىن كەم كۆرىدىغان بولۇۋالغانىدى».

يەن فېڭ ئۆزىگە فالۇن گۇڭپىسى ھەققىدىكى كىتاب، ئاسما سۈرەت ۋە پلاستىنكىلارنى كۆپلەپ سېتىۋېلىپلا قالماي، بۇ نەرسىلەرنى يەنە مەردلىك بىلەن باشقىلارغىمۇ سوۋغا قىلغان. ئۇ دائىم: «قورسىقىمدا فالۇن بار، تېنىم ساغلام، ‹خورىماس كۈچ› مۇ بار، لى خۇڭجىدىن ئىبارەت ‹داماكايا› مېنى قوغداپ تۇرىدۇ» دېگەن.

دۆلىتىمىز فالۇن گۇڭپىسىنى مەنئى قىلغاندىن كېيىنمۇ يەن فېڭ ئۇنىڭدىن مېھرىنى ئۈزەلمەي داۋاملىق ئوغرىلىقچە مەشىق قىلغان. شۇ جايدىكى ساقچىخانا ئۇنىڭ مەشىق ماتېرىياللىرىنى مۇسادىرە قىلغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا بولدى قىلماي، 2001 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ بېيجىڭغا «دارمانى قوغداش» جېدىلى چىقارغىلى بېرىپ، ج خ

خادىملىرى تەربىيەدىن شىنجاڭغا
قايتۇرۇپ كېلىنگەن ھەمدە مو-
سۇۋەن دېھقانچىلىق مەيدانى ج خ
ئىدارىسى تەربىيەدىن مەمۇرىي
ئىشلار بويىچە 15 كۈن تۇتۇپ تۇ-
رۇلغاندىن كېيىن ، تۇەن ـ مەيدان
«ئۆزگەرتىش سىنىپى» غا ئۆگىنىش-
كە ئەۋەتىلگەن . گەرچە يەن فېڭ كې-
يىن تۆۋەننامە ، كاپالەتنامە ۋە فالۇن
گۇڭپىسىدىن ئادا ـ جۇدا بولۇش
ھەققىدە ۋەدىنامە يازغان بولسىمۇ ،
ئەمەلىيەت بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ
يالغان ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى .
148 ـ تۇەن جەمئىيەت ئامانلىقىنى
ھەر تەرەپلىمە تۈزەش ئىشخانىسىنىڭ
مۇئاۋىن مۇدىرى جاڭ خۇڭجۇن تو-
نۇشتۇرۇپ : «ئۇ كاپالەتنامە ، تۆۋەننا-
مىلارنى يازغان چاغدا روھىي بېسىمى
بەك كۈچلۈك بولدى . ئۇ بۇلارنى يې-
زىپ بولغاندىن كېيىن ئىنىسى بىر
تاكسىنى كىرا قىلىپ ئۇنى ئېلىپ
كەتكىلى كەلدى ، شۇ چاغدا ئۇ ما-
شىنىغا چىقىپ ھۆڭرەپ يىغلاپ
كەتتى» دېدى .

يەن فېڭنى ئېلىپ كېلىشكە
بارغان تاكسى شوپۇرى ۋاڭ شىن-
نىڭ مۇنۇ گەپلىرى بۇ نۇقتىنى
تېخىمۇ ئىسپاتلايدۇ :

«ئۇ ماشىنىغا چىققاندىن
كېيىن : ‹ئۇستاز ، مەن سىزگە
يۈز كېلەلمەيمەن !› دەپلا يىغلاپ
كەتتى . مەن : ‹يەن فېڭ ، سەن بۇ
گۇڭپىنى مەشىق قىلمايمەن دې-
گەندىكىن ، ئەمدى ياخشىراق
ئىشلىگىن› دېدىم . ئۇ : ‹سەن
نېمىنى بىلەتتىڭ ، ئۈچ ئايدىن
كېيىنلا قوياش پارتلايدۇ› دېدى .
ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە ، ئۇ ما-
شىنىدىن چۈشكىلى ئۇنىماي تو-
رىۋالدى . ئۇ : ‹بۇ يەردىكى ئۆيلەر
بەك مەينەت ، مېنىڭ كىرگۈم
يوق !› دېدى» .

لى خۇڭجىنىڭ «ئاخىر زامان
تەلىماتى» نىڭ ۋەھىمىسىگە
ئۇچرىغاچقا ، يەن فېڭ ئۆيىگە
قايتىپ كېلىپ تېخىمۇ جىمـ-
غۇرلىشىپ كەتكەن . ئۇ ئىشقا
بارغاندا ھېچكىمگە گەپ قىلمى-
غان . ئۆيىگە قايتقاندا ئىشىكنى
چىڭ تاقاپ بېكىنىۋالغان . ئۆيـ-
دىكىلىرى ئۇنى ئىشتىن چۈشۈپلا
ئۇخلايدۇ ، كېچىلىرى يەنە فالۇن
گۇڭپىسىنى ئوغرىلىقچە مەشىق
قىلىۋاتامدىغاندۇ ، دەپ گۇمان
قىلغان . نەتىجىدە گۇمانى راست
بولۇپ چىققان . يەن فېڭ ئۆلۈ-
ۋالغاندىن كېيىن ، ئاپىسى دىۋان-
نىڭ كەينىدىن ئۇ مەشىق قى-
لىشتا ئىشلەتكەن پلاستىنكىنى
تاپقان . بۇنىڭغا قارىتا ئىنىسى
يەن لىڭ ئۆز قارىشىنى بايان قى-
لىپ مۇنداق دېدى :

«ئۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغاندىن
كېيىن ، مەن ئۇنىڭ ئەس ـ يادى
يەنىلا فالۇن گۇڭپىسىدا ئىكەن ،
ئۇ ئەتراپتىكى باشقا فالۇن گۇڭ-
پىسى مۇرىتلىرى بىلەن ئالاقى-
لىشىپ تۇرغانىكەن ، دەپ قالدىم .
ئەگەر ئۇ باشقىلار بىلەن ئالاقى-
لاشمىغان بولسا ، كاللىسىغا ئۆ-
زىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ئويى كەچ-
مىگەن بولاتتى» .

دەل فالۇن گۇڭپىسىغا بەك
بېرىلىپ كەتكەنلىكتىن ، يەن
فېڭ بارا ـ بارا روھىي جەھەتتىكى
تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىپ ، ئۆزىنى
ئىدارە قىلالمايدىغان بولۇپ قالغان .
ئۆتكەن يىل 7 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر
كۈنى ئۇ يەن لىڭغا : «بىرى مېنى
ئىزدەپ كەلدى» دېگەن . ئەسلىدە
ئۇ ئاپىسى ئاشخانىنىڭ دېرىزە
تېمىغا ياپقان ، ئالىيۇمىن ماي ،
يامغۇرلاردا كىرلىشىپ كەتكەن
فالۇن گۇڭپىسى ئايەتلىرى بې-
سىلغان ئىككى پارچە قەغەزنى
كۆرۈپ قالغانىكەن .

بۇ ھەقتە يەن لىڭ ئەسلەپ مۇنداق
دېدى :

«مەن ئۇ ئىككى پارچە قەغەزنى
سىرتقا ئېلىپ چىقىپلا كۆيدۈرۈ-
ۋەتتىم . شۇ چاغدا ئۇ بەكلا بىئارام
بولۇپ كەتتى ۋە ئۆيگە كىرىپ
كېتىۋېتىپ : ‹ساڭا ئۇ ئىشنى
دېمىسەم ياخشى بولار ئىكەن !›
دېدى» .

يەن فېڭ فالۇن گۇڭپىسىنى
مەشىق قىلغانسېرى بېرىلىپ
كەتكەن . ئۇ ئىشىك ئالدىغا يوغان
بىر ئورا كولىغان ھەمدە بىر نەر-
سىنى ئىزدەۋاتىمەن ، دېگەن .
ئەمما ، ئۇ زادى نېمىنى ئىزدەيدۇ ؟
يەن لىڭ زادىلا چۈشىنەلمىگەن .
«ئۇ يەرنى سۇ چىققۇچە كولىدى ،
سۇ چىققاندىن كېيىن سۇنى 10
مىنۇتتەك تارتتى . سۇ چىقىلـ-
ۋەردى ، ئۇمۇ داۋاملىق كولاۋەردى ،
سۇ ۋە قۇملار پەسكە قاراپ ئېقىشقا
باشلىدى . ئەھۋال ئىنتايىن خە-
تەرلىك باسقۇچقا بېرىپ قالغاندىلا ،
ئۇ ئىلاجىسىز كولاشنى توختات-
تى» دېدى يەن لىڭ .

يەن فېڭ ئۆلۈۋېلىشتىن بىر
كۈن ئىلگىرى بىر قەغەزگە مۇ-
نۇلارنى يازغان :

«مىلادى 2001 ـ يىل 8 ـ ئاي-
نىڭ 5 ـ كۈنى ، يەن فېڭ ، مەن
ساددارما كۈنى مىلادىي 2001 ـ
يىل 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى سائەت
56 :00 دىن بېرگىچە بولغان ئا-
رىلىق ئىكەنلىكىنى ، بۇ دۈشەنبە

كۆنى زور ۋەزىپىنى تاپشۇرغانلىقىنى ھېس قىلدىم» .

ئاتالمىش «سادىرما كۆنى» لى خۇڭجى ئويدۇرۇپ چىققان «ساۋابلىق ئىشنى تاماملايدىغان» كۆنمىش . يەن فېڭ باشقا كۆپلىگەن فالۇن گۇڭچىلار مۇرتلىرىدەكلا «تەننىڭ ئاسمانغا ئۆرلىشى» سەپسەتىسى بويىچە ئەخمىقانە «فالۇن كۈچى» بىلەن بىرلا سەكرەپ ئاسمانغا چىقماقچى بولۇپ ، ئۆگزىدىن چۈشۈپ ھاياتىدىن ئايرىلدى .

1999 ـ يىلىدىن تارتىپلا 148 ـ تۇەن پارتكومى ، موسۇۋەن دېھقانچىلىق مەيدانى ج خ ئىدارىسى ھەمدە 2 ـ يىلىق پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە ئاممىنى يەن فېڭغا كۆڭۈل قويۇپ تەربىيە بېرىپ ، فالۇن گۇڭچىسىنىڭ كىشى قەلبىنى زەھەرلەپ، پۇقرالارنى زىيانكەشلىككە ئۇچراتقان مىساللىرىنى چۈشەندۈرۈپ ئۇنى ئۆزگىرىشكە دەۋەت قىلىپ كەلگەن . پارتىيە ياچېيكىسى ھەر قېتىملىق ھېيت ـ بايرام ، تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرى ۋە ئومۇمىي خور مۇسابىقىلىرىگە ئۇنى قاتناشتۇرغان . 148 ـ تۇەن جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جاڭ خۇڭجۇن بىلەن 2 ـ يىلىق پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى يەن فېڭنىڭ ئۆزگىرىشىگە ياردەم بېرىش ئىشلىرىنى ئەسلەپ مۇنداق دېدى :

«يەن فېڭغا خىزمەت ئىشلەمەك بەك تەس ئىدى . ئۇ گېپىمىزنى زادىلا ئاڭلىمايتتى . ئاتا ـ ئانىسى ، ئاكا ـ ئىنى ، ئاچا ـ سىڭىللىرى ، ساۋاقداشلىرى ، يېقىن ئاغىنىلىرى ، مۇئەللىملىرىنىڭ ھەممىسىنى چاقىرتىپ كەلدۇق ، ئۇلار نۆۋەت بىلەن تەربىيە بەردى . بىز ھەر تەرەپلىمە تۈزەش ئىشخانىسىدىكىلەر ۋە ساقچىخانىدىكىلەرمۇ بىرگە تەربىيە بەردۇق» .

«بىز 2 ـ يىلىق پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى پارتىيە ياچېيكىسىدىكىلەر خىزمەت ۋە تورمۇشتا ئۇنى ئەزەلدىن كەمسىتىپ باقمىدۇق . بولۇپمۇ 1999 ـ يىلى كۈزدە خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇشتا ئۇنى يۈك قاچىلاش ـ چۈشۈرۈش ئورنىدىن تايلاش ئورنىغا يۆتكىدۇق . تايلاش ئورنىدا پەقەت تۆت ئادەم بولسىلا بولاتتى ، ئەمما ، بىز ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئويلاشتۇق . كېيىن ئۇنى يەنە رېمونتچىلىقتا ئالماشتۇردۇق . سېخ ، ئىسمىنا ، گۇرۇپپىدىن تارتىپ زاۋۇت رەھبەرلىرىگىچە ئۇنىڭ بىلەن داۋاملىق سىردىشىپ ، ئۇنىڭ ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتىشكە ياردەم قىلىپ تۇردى» .

خۇشنىي ساقچى رايونىنىڭ ئۈچ ساقچىسىمۇ يەن فېڭنىڭ ئىدىيە جەھەتتىن ئازراق بولسىمۇ ئىلگىرىلىشىگە ھەر ۋاقىت ھەمدەمدە بولۇپ كەلگەن . ئىدىيىدە ئازراقلا داۋالغۇش كۆرۈلسە ئۇنىڭغا تەربىيە بەرگەن . ئۇنىڭ ئائىلىسىدە قىيىنچىلىق كۆرۈلسە ، ئۇلار شۇ ھامان يۇقىرىغا ئەھۋالنى ئىنكاس قىلىپ مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بەرگەن . ھالبۇكى ، يەن فېڭ فالۇن گۇڭچىسىدىن ئۈزۈلۈكسىز ۋاز كېچەي دېمىگەن . ئۇ خۇددى زەھەرگە خۇمار بولغۇچىغا ئوخشاش ، فالۇن گۇڭچىسىنىڭ روھىي ئەپيۇنلىرى تەرىپىدىن قاتتىق زەھەرلەنگەن . بۇ زەھەرلىنىش كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىپ ، ئۇ ئۆزىنى ئىدارە قىلالماي ئاخىرى روھىي جەھەتتىن پۈتۈنلەي كاردىن چىقىپ ، ئۆلۈۋېلىش دەرىجىسىگە بارغان . يەن فېڭنىڭ فالۇن گۇڭچىسىغا بېرىلىپ ھاياتىنى نابۇت قىلغانلىقىغا 148 ـ تۇەندىكى زور كۆپچىلىك ئامما چوڭقۇر ئېچىنىشتى ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، ئۇلارنىڭ فالۇن گۇڭچىسىدىن ئىبارەت بۇ بىدئەت تەلىماتىنىڭ ئەپلاس ماھىيىتىگە بولغان تونۇشى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى . بەزىلەر : «بىز ئىلگىرى پەقەت تېلېۋىزورلاردىنلا بۇنداق ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدىغان ئىشلارنى كۆرگەنىدۇق . بۇ قېتىم ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق . بۇ تەشكىلاتنىڭ جەمئىيەتكە خەتىرى بەك چوڭ ئىكەن ، ئائىلىنى ۋەيران قىلىپ ، كىشىنى ئۆلۈم يولىغا باشلايدىكەن ، ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ نەپرىتى كېلىدۇ» دېيىشتى . يەنە بەزىلەر : «شۇنداق ياخشى بىر ياش فالۇن گۇڭچىسى مەشىق قىلىپ ھاياتىنى نابۇت قىلدى . بۇ فالۇن گۇڭچىسى يېقىن يولايدىغان نەرسە ئەمەسكەن ، يېقىن كەلدىڭمۇ ، بولدى ، خۇددى زەھەردەك تاشلىماق تەس ئىكەن . ھۆكۈمەتنىڭ بۇ بىدئەت تەشكىلاتنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇۋېتىشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمىز» دېيىشتى .

مېھرىگۈل غاپپار تەرجىمىسى



# دېڭىز قولتۇقى چۆمۈلۈش مەيدانىدىكى قاتىللىق

جاۋ جيەنلى

1

جياڭ باۋچۈەن تەرگە چۆمۈلگەن هالدا ئىشخانىغا ئالدىراش كىرىپ كەلدى ـ دە ، بىر ئىستاكان سۇنى بىراقلا ئىچىۋەتتى . گېزىت كۆرۈپ ئولتۇرغان خې لېي بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ ، بې-شىنى ئۇيان ـ بۇيان تولغاپ بويىنىنىڭ هاردۇقىنى چىقارغاچ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە ، ئالدىن بىلەر-مەنلەرچە سۆز ئاچتى :

— قانداق ، لاۋجياڭ ، يەنە قۇرۇق ماڭدىڭىزغۇ دەيمەن ، مەن سىزگە بۇ بىر «ئۆلۈك دېلو» ، پاش بولمايدۇ ، دېمىگەنمىدىم !

پېشقەدەم رازۋېدكىچى جياڭ باۋچۈەن خې لېي ئىسىملىك بۇ ئالىقاپنىڭ قانداق قىلىپ ج خ سې-پىگە كىرىپ قالغانلىقىنى زادىلا چۈشىنەلمەيتتى . ئاڭلاشقا قارىغاندا ، ئۇ شەھەرلىك ساقچى مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا ئىنتايىن «هېيلىگەر» نېمە-كەندۇق . ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ، ئۇ ساق-چىخانىغا تەقسىم قىلىنىپ مەهەللە ساقچىسى بو-لۇپ ئىشلىگەن . مەهەللە ساقچىسىنىڭ قىلىدىغى-نى ئاساسىي قاتلام خىزمىتى بولۇپ ، مۇھىمى نو-پۇس ئەھۋالىنى پىششىق ئىگىلەپ ، ئۆز باشقۇرۇ-شىدىكى تەۋەلىكتە ئولتۇرۇشلۇق ئاھالىنى بەش قولدەك پىششىق يادلىۋېلىشى كېرەك ئىدى ، ئەل-بەتتە ، بۇنىڭ ئۈچۈن خېلى ئەجىر سىڭدۈرمىسە بولمايتتى . ئەمما ، خې لېينىڭ بۇنىڭغا قارىتا ئۆز ئامالى بار ئىدى . نوپۇس دەپتىرىنى تارتمىغا بىر سېلىۋەتكەنچە ، قولىغا ئېلىپمۇ باقمىدى ، ئائىلە-لەرگە بېرىپ زىيارەت قىلىش دېگەن يوق گەپ ئىدى . يىل ئاخىرىغا كېلىپ شەھەرلىك ئىدارىدىن تەك-شۈرۈشكە ئادەم كەلگەندە ، ئۇ كۆڭلىدە سان بولغان هالدا قولتۇقىغا بىر نەچچە بولاق تاماكىنى قىستۇ-رۇپ «ئىمتىهان مەيدانى» غا باراتتى . دېمىسىمۇ ، ئۇنىڭ كۆزى كارامەت «ئۆتكۈر» ئىدى ، بىر قاراپلا نىشانىنى توغرا تاللىۋالاتتى ـ دە ، دەرهال ھىجايغان پېتى ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ سۆز ئاچاتتى : «مەن مۇشۇ تەۋەلىككە مەسئۇل مەهەللە ساقچىسى ، مېنى تو-نۇيسىزغۇ دەيمەن» . ئۇ سۆزلىگەچ ساقچى كېنىش-كىسىنى چىقىرىپ ئىككى قوللاپ ئۇزىتاتتى .

ساقچىلارنىڭ ئۆزىگە تەكەللۇپ قىلىشى پۇقرالار

ئۆچۈن ئېيتقاندا خېلى ئابرۇيلۇق ئىش بولغاچقا ، ئۇلاردىن كۆپىنچىسى سۇنىڭ ئېقىشىغا ، توكنىڭ يېتىشىغا باقاتتى ـ دە ، «تونۇيمىز ، تونۇيمىز (قولىدىكى كارتوچكىغا قاراپ قويۇپ) ، سىز شىياۋخې ئەمەسمۇ» دېيىشەتتى ھەمدە تەكشۈرۈشكە كەلگەن يولداشلارغا ئۇنى ماختاپ بېرىشەتتى . ھالبۇكى ، «غەرەز ئۇقمايدىغان» لارمۇ چىقىپ قالاتتى . بۇنىڭغىمۇ خې لېينىڭ تولۇق تەييارلىقى بار ئىدى . قارشى تەرەپ ئۇنىڭغا قاراپ تونۇيالماي «سەن كىم ؟» دەپ بولغىچە ، ئۇ دەرھال بېرىپ ئىككى قاپ تاماكىنى «نىشان» نىڭ يانچۇقىغا تىقىدۇرماي تىقىپ بولاتتى . بۇ «ئامال» بەكمۇ ئۈنۈملۈك چىقاتتى . ھەتتا خې لېي جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتىگە يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ ، دائىم ئۆز «ئامال» ىنى ئىشقا سېلىپ يۈردى . ئەترەتكە كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا بىر سۆزنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان بولىۋالدى . ئازراق مۈرەككەپ ، چېگىش دېلوغا يولۇقسىلا ، ئۇ دەرھال «بۇ ئۆلۈك دېلو ، پاش بولمايدۇ ، ئاۋارە بولمايلى !» دەيتتى ـ دە ، قىيىن ئىشنى باشقىلارغا ئىتتىرىپ قوياتتى . ئەمما ، بۇقېتىم ئىش ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولمىدى . گەرچە ئۇ ئۆزىنى ھەر قانچە قاچۇرغان بولسىمۇ ، ئەترەت رەھبەرلىرى يەنىلا ئۇنىڭ بىلەن جياڭ باۋچۈەننى «20 ـ ئىيۇل» دېلوسىنى پاش قىلىشقا بېكىتتى .

جياڭ باۋچۈەن ئەلبەتتە خې لېينىڭ بايىقى سۆزىگە ئىشەنمەيتتى ، لېكىن نەچچە كۈن پايپېتەك بولۇپ يۈرۈپمۇ ھېچقانداق نەتىجە چىقىرالمىغاچقا ، بىلەرمەنلىك قىلىۋاتقان خې لېينىڭ سۆزىگە رەددىيە بېرىشكە ئامالسىز ئىدى . ئۇ بىزارلىق بىلەن خې لېيگە تىكىلىپ تۇرغاندا ، تويۇقسىز خىيالىغا بىر غەلىتە ئوي كەلدى : بۇ كاساپەت كۈندە «بۆرە كەلدى ! بۆرە كەلدى !» دەپ توۋلاپ يۈرۈپ ، ئاخىرى بۆرە راستىنلا كەلدىمۇ نېمە ؟

«20 ـ ئىيۇل» دېلوسىنىڭ قىسقىچە جەريانى مۇنداق : 2001 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت سەككىز دىن 23 مىنۇت ئۆتكەندە ، شەھەرنىڭ دېڭىز قولتۇقى چۆمۈلۈش مەيدانىدا قىرغاقتىن 200 مېتىرچە ئىچكىرىدىكى شەرقىي جەنۇب دېڭىز يۈزىدە بىر ئايالنىڭ لەيلەپ تۇرغان جەسىتى بايقالغان . چۆمۈلۈش مەيدانى ساقچىخانىسىدىكىلەر جەسەتنى سۇزۇۋالغاندا ، جەسەت قاتتىق چىرىشكە باشلىغانىكەن ، ئۆلگۈچىنىڭ ئۈستىدە سۇ ئۈزۈش كىيىمى بولۇپ ، سۇغا تۇنجۇقۇپ ئۆلگەن دەپ پەرەز قىلىنغان . ساقچىخانىدىكىلەر بەلگىلىمە بويىچە قانۇن دوختۇرىنى چاقىرىپ كېلىپ تەكشۈرتۈپ بولغاندىن كېيىن تېلېۋىزوردا جەسەت تونۇش ئېلانى بېرىپ ، ئىگىسى چىقمىسا ، جەسەت كۆيدۈرۈش مەيدانىغا ئاپىرىپ كۆيدۈرىۋېتەرمىز دەپ ئويلىغان . لېكىن ، ئويلىمىغان يەردىن ، قانۇن دوختۇرى تەكشۈرگەندە ئۆلگۈچىنىڭ تىل ئاستى سۆڭىكى سۇنغانلىقى ، بويۇن قىسمىدىكى يۇمشاق قۇرۇلمىلىرى يارىلانغانلىقى ئېنىقلانغان . گەرچە جەسەتنىڭ ئىچكى ئەزالىرى چىرىپ كېتىپ ، ئۆپكىسىنى تەكشۈرۈش مۇمكىن بولمىسىمۇ ، لېكىن يۇقىرىقى بايقاشلاردىنلا ، بۇ بىر تاسادىپىي ھادىسە بولماستىن ، بەلكى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش دېلوسى ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىشقا بولاتتى .

جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتى تېزلا يېتىپ كەلدى . بۇ ئادەتتىكىدەك «نەق مەيداننى تەكشۈرۈش» ئىشى ئەمەس ، چۈنكى نەق مەيدان بىپايان دېڭىز بولۇپ ، رازۋېدكىچىلارنىڭ ئۇنى تەكشۈرۈشى مۇمكىن ئەمەس . بىردىنبىر يىپ ئۇچى پەقەت ئاشۇ لەيلىمە جەسەت ئىدى . جياڭ باۋچۈەن بىلەن خې لېي قانۇن دوختۇرى بىلەن بىرلىكتە جەسەتنى يەنە بىر قېتىم ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈپ چىقتى . ئۆلگۈچىنىڭ چىرايىنى پەرق ئېتىش تەس ، ئېگىزلىكى 1.67 مېتىر ئەتراپىدا ، ئۈچىسىدا يېشىل رەڭلىك سۇ ئۈزۈش كىيىمىدىن باشقا ھېچقانداق كىيىمى يوق ئىدى . جەسەتنىڭ چىرىش دەرىجىسىگە قاراپ ئۆلگىنىگە بىر ھەپتىچە بولغانلىقىنى پەرەز قىلغىلى بولاتتى . سۆڭەك يېشىنى ئۆلچەش ئارقىلىق ئۆلگۈچى 31 ياش ئەتراپىدا ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى . بۇلاردىن باشقا بىرەر قىممەتكە ئىگە يىپ ئۇچى تاپقىلى بولمىدى ، پەقەت ئىشنى ئۆلگۈچىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاشتىن باشلاشقا توغرا كېلەتتى .

جەسەت تونۇش ئېلانى تېلېۋىزوردا بېرىلگىنىگە ئىككى كۈن بولدى ، ھېچبىر ئىنكاس يوق . جياڭ باۋچۈەن تىت ـ تىت بولۇشقا باشلىدى ، خې لېينىڭ بىشى گاڭگىراپ قالدى . دەل شۇ چاغدا جياڭ باۋچۈەننىڭ كاللىسىغا بىر ئوي كەلدى ـ دە : «بىز بۇ

يەردە كۆتۈپ ئولتۇرساق بولمايدۇ ، ئۆزىمىز ئامال قىلىپ ئىزدەپ تېپىشىمىز كېرەك !» دېدى . خې لېي روھلىنىپ «قانداق ياخشى ئامالىڭىز بار ؟» دەپ سورىۋىدى ، ئۇ تەھلىل يۈرگۈزۈپ مۇنداق دېدى :

—ئۆلگۈچى دېڭىزدا قەستكە ئۇچرىغان ، لېكىن ساقچىغا مەلۇم قىلىدىغان ئادەم چىقمىغان . دېمەك ، قاتىل بىر بولسا ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە كېلىپ چۆمۈلگەن ئادەم ، بىر بولسا ، ئۇنىڭ بىلەن پىششىق تونۇشىدىغان ئادەم ، ياكى بولمىسا ، تونۇشمايدىغان بىرسى تاسادىپىي سەۋەب تۈپەيلىدىن قاتىللىق قىلغان . ئۆلگۈچى سۇ ئۈزۈش كىيىمى كىيگەن ، ئۇنداقتا ، ئۇنىڭ ئۆز كىيىمى قەيەردە ؟ ئەگەر ئالدىنقى ئىككى خىل ئەھۋال بولسا ، قاتىل ئۇنى يوقىتىۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن ، مۇبادا ئۈچىنچى خىلدىكى ئەھۋال بولسىچۇ ؟ ئۆلگۈچى يالغۇز چۆمۈلگىلى بارغان بولسا ، يۆتكىگەن كىيىمىنى قەيەرگە قويىدۇ ؟ چۆمۈلۈش مەيدانىنىڭ كىيىم ساقلاش ئورنىغا قويىماي ئامال يوقتە ! شۇڭا ، شەھەردىكى چۆمۈلۈش مەيدانلىرىنىڭ كىيىم ساقلاش ئورۇنلىرىغا بېرىپ ئىزدەپ بېقىش كېرەك ، شۇنداق قىلساق ، بەلكىم ئۆلگۈچىنىڭ سالاھىيىتىنى ئېنىقلىيالىشىمىز مۇمكىن .

جياڭ باۋچۈەننىڭ بۇ ئەقلىي مۇلاھىزىلىرىنى ئاڭلىغان خې لېي ھاڭ-تاڭ بولدى . دېڭىز ساھىلى يولىدا چوڭ-كىچىك چۆمۈلۈش مەيدانلىرى يۇلتۇزدەك تارىلىپ كەتكەن تۇرسا ، ھەممىنى تەكشۈرۈپ چىقىشقا قانچىلىك ۋاقىت كېتەر ؟ ئىككىلەن دېڭىز ساھىلى يولىنى بويلاپ 20 گە يېقىن چۆمۈلۈش مەيدانىنىڭ كىيىم ساقلاش ئورۇنلىرىنى تەلتۆكۈس تەكشۈرۈپ چىقىپ ، 7-ئاينىڭ 10-كۈنىدىن كېيىن ساقلاشقا قويۇپ ، تېخىچە ئېلىپ كەتمىگەن سەككىز كىشىلىك نەرسە-كېرەكنى ئېنىقلاپ چىقتى . لېكىن ، كۆپىنچىسى سىرتتىن كەلگەن ساياھەتچىلەر ساقلاشقا قويغان نەرسە-كېرەكلەر بولۇپ ، دېلو بىلەن ئانچە ئالاقىسى يوق ئىدى . پۈتۈن بىر كۈن ئاۋارە بولۇپ قۇرۇق قول قايتىپ كەلگەندە ، خې لېي غودۇڭشىماي تۇرالمىدى ، ئەمما جياڭ باۋچۈەن ئەكسىچە : «نەتىجە يوق دېگەن قانداق گەپ ؟ تېپىلمىغىنى بىلەن قاتىلنى ئىزدەش دائىرىسى كىچىكلىدى . بۇ ، تۈيۇقسىز دېلو سادىر بولۇش ئېھتىمالىنىڭ بەك ئاز ئىكەنلىكىنى ، قاتىلنىڭ ئۆلگۈچى بىلەن تونۇش ئىكەنلىكى ئېھتىمالغا يېقىنلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ» دېدى . خې لېي يەنىلا تەن بەرمەيتتى : «ئۇلار ئۆزئارا تونۇش بولغان تەقدىردىمۇ ، بۇنىڭ نېمە پايدىسى . ئۆلگۈچىنىڭ سالاھىيىتىنى بىلگىلى بولمىسا ، ئوخشاشلا بىكار گەپتە ؟ ! دېسەم-دېمىسەم ، بۇ يەنىلا بىر ئۆلۈك دېلو .» خې لېينىڭ بۇ گەپلىرى جياڭ باۋچۈەننىڭ ئېچىشقان يېرىگە تېگىپ ، ئېرىشكەن ئازراق ئەشەنچىسىنىمۇ يوقىتىۋەتتى ، ئۇنىڭ چىرايى يەنە تۈتۈلۈشقا باشلىدى . خې لېينىڭ بىلەرمەنلىكى بۇ قېتىم ئاقماي قالدى . ئۆلگۈچىنىڭ سالاھىيىتى ئەتىسىلا ئاشكارىلاندى ، يەنى تېلېۋىزوردا ئېلان بېرىلىپ 4-كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدىن ئۆتكەندە ، سۈي فامىلىلىك بىرخانىم تېلېفون بېرىپ ، تېلېۋىزوردا ئېلان بېرىلگەن «لەيلىمە جەسەت» نىڭ ئېگىزلىكى ، يېشى قاتارلىقلار ئۆزىنىڭ بىر كەسىپدىشىغە ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى ، بۇ كەسىپدىشىنىڭ 7-ئاينىڭ 13-كۈنىدىن كېيىن سىرلىق ھالدا يوقاپ كەتكەنلىكىنى ، شىركەت تۈنۈگۈن ساقچى تەرەپكە رەسمىي دېلو مەلۇم قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلدى . جياڭ باۋچۈەن بىلەن خې لېي دەرھال سۈي خانىمنىڭ ئىدارىسى—چەت ئەللىكلەر مەبلەغ سالغان سودا شىركىتىگە بېرىپ تەكشۈرۈشكە باشلىدى . ئىگىلىنىشىچە ، سۈي خانىمنىڭ سىرلىق يوقاپ كەتكەن بۇ كەسىپدىشىنىڭ ئىسمى شيې لى بولۇپ ، 31 ياش ، شىركەتنىڭ كەسىپكە مەسئۇل خادىمى ئىكەن ، خىزمەت نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغاچقا ، شىركەت ئۇنى بەكمۇ ئەتىۋارلايدىكەن . لېكىن ، 7-ئاينىڭ 13-كۈنى كەچتە ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن شيې لى ئىز-دېرەكسىز يوقاپ كېتىپتۇ . شىركەت خىزمەتچىلىرىنىڭ دېيىشىچە ، ئۇ سۇ ئۈزۈشكە بەك ئامراق ئىكەن ، دائىم ئۆز تۇرالغۇسىغا ئانچە يىراق بولمىغان دېڭىز قولتۇقى چۆمۈلۈش مەيدانىغا بېرىپ سۇغا چۆمۈلىدىكەن . يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئېنىقلاش ئۈچۈن ، رازۋېدكىچىلار شيې لىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تەكشۈردى . ئۇنىڭ ئائىلىسى سىرتتا بولغاچقا ، ئۆزى يالغۇز ئىككى ئېغىزلىق بىر ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرغانىكەن . ئۆي ئىچى ئىنتايىن رەتلىك ، لېكىن

ئۈستەل يۈزىگە نېپىز چاڭ ـ توزان قونۇپ قالغانىدى. قوشنىلىرى بىر ھەپتىدىن بۇيان شىي لىنى كۆرمىگەن، بەلكىم كاماندىروپكىغا كەتكەن بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلاشقان. جياڭ باۋچۈەن ئۆي ئىچىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ چىقىپ ئاخىرى كارىۋات بېشىدىكى شىرە ئۈستىگە قويۇلغان ئەينەكتىن سول قول ئوتتۇرا بارماق ئىزىغا ئېرىشتى. سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش ئارقىلىق ئۆلگۈچىنىڭ دەل شىي لى ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى.


## 2

جىنايەت گۇماندارلىرىنى رەتكە تىزىپ تەكشۈرۈش خىزمىتى دەرھال باشلاندى. شىي لىنىڭ قوشنىلىرى ساقچىلارغا ئۇ بۇ ئۆيىنى ئىككى يىل ئىلگىرى ئىجارىگە ئالغانلىقىنى ئېيتتى. «ئۇ بەك چىرايلىق قىز ئىدى، ــ دېيىشتى ئۇلار، ــ مۇئامىلىسىمۇ شۇنداق ياخشى، قولۇم ـ قوشنىلار بىلەن ئىناق ئۆتەتتى. ئادەتتە، بۇنداق چىرايلىق قىزنىڭ ئەتراپىدا بىر توپ ئەر چۆرىدەپ يۈرۈشكەن بولاتتى، ئەمما شىي لى ئۇنداق ئەمەس ئىدى، ئۆيىگە مېھمان باشلاپ كەلگەن چاغلىرى ئىنتايىن ئاز، ئادەتتە ئۇنى ئىزدەپ كېلىدىغانلارمۇ يوق». «يېقىندا ئۇنى بىرەرسى ئىزدەپ كەلمىدىمۇ؟» دەپ سۈرۈشتۈردى خې لېي. بىر نەچچە قوشنىسى ئويلاپ كۆرۈپ:

ــ ھە، توغرا ئۈچ ئاينىڭ ئالدىدا بىر ئەر كىشى ئۇنى ئىككى قېتىم ئىزدەپ كەلگەنىدى، ــ دېيىشتى. قوشنىلارنىڭ ئەسلىشىچە، ئۇ ئەر 24 ـ 25 ياشلاردا بولۇپ، بويى 1.80 مېتىر كېلىدىغان، كۆزەينەك تاقىغان، خېلى مۇلايىم، قارىماققا ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىغا ئوخشايدىغان بىر يىگىت ئىكەن.

شىي لىنىڭ ئىدارىسىدىكى كەسىپداشلىرىمۇ تەكشۈرۈش دائىرىسىدە ئىدى. شىركەتنىڭ باش دىرېكتورى سىمىس ئەپەندى ئامېرىكىلىق بولۇپ، ساقچىلارنى ئەدەپلىك كۈتۈۋالدى، لېكىن قىزغىن ئەمەس ئىدى. تەرجىمان ئارقىلىق ئۇ ئۆز پوزىتسىيىسىنى بىلدۈرۈپ، شىركەتتىكى ھەممەيلەن ساقچى تەرەپنىڭ تەكشۈرۈشىگە ماسلىشىدىغانلىقىنى، ساقچى تەرەپنىڭ بۇ دېلونى تېزدىن پاش قىلىپ قاتىلنى تېپىپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ھەمدە ساقچى تەرەپنىڭ شىركەتنىڭ ئوبرازىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، بۇ دېلونىڭ شىركەتكە كەلتۈرىدىغان ناچار تەسىرىنى ئەڭ تۆۋەن چەككىچە ئازايتىشىنى ئۈمىد قىلدى.

ساقچىلار شىي لىنىڭ كەسىپداشلىرىنى ئادەتتىكىچە تەكشۈرۈش ئارقىلىق بىرەر قىممەتلىك يىپ ئۇچىغا ئېرىشەلمىدى. شىي لىنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋىتى ياخشى بولۇپ، بىرەر ئادەم بىلەن ئۆچەكىشىپ قالمىغان، ھەتتا بىرەرسى بىلەن ئازراققىنا قىزىرىشىپمۇ قالمىغانىكەن. بۇنداق تەكشۈرۈشتىن نەتىجە چىقمىغاندىن كېيىن، ساقچىلار «مۇھەببەت» جەھەتتىن يىپ ئۇچى ئىزدەشنى قارار قىلىپ، شىركەتتە شىي لى بىلەن مۇھەببەتلەشكەن ئادەم بار ـ يوقلىقىنى سۈرۈشتۈرۈشكە كىرىشتى. بۇ جەھەتتە ئاۋارىچىلىق تېخىمۇ كۆپ بولۇپ چىقتى. شىركەتتىكى توي قىلمىغان ئەركەكلەرنىڭ ھەممىسى دېگىدەك شىي لىگە تەلەپ قويۇپ باققانىكەن. شىي لىنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەلىپى يۇقىرى بولۇپ، ھەممىسىنىڭ مۇھەببەتلىشىش تەلىپىنى چىرايلىقچە رەت قىلغان. شىركەت سىرتىدىكى بىرەرسى بىلەن مۇھەببەتلەشكىنىنىمۇ ھېچكىم ئاڭلىمىغانىكەن. بۇ ئۇسۇلدىنمۇ نەتىجە چىقمىغاندىن كېيىن، جياڭ باۋچۈەن ئامالسىز ھالدا شىركەتتىكى بارلىق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىن 15 ـ كۈنىگىچە بولغان ھەرىكىتىنى ئېنىقلاشقا كىرىشتى. خې لېي خاتىرىلەشكە مەسئۇل بولدى. 50 نەچچە ئادەمنىڭ ھەممىسىنى بىر ـ بىرلەپ تەكشۈرۈپ، ئوخشاش بىر نەچچە سوئال تەكرارلىنىۋەرگەچكە، خې لېي بۇنىڭدىن بەكمۇ زېرىكىش ھېس قىلدى. سوراپ بولغاندىن كېيىن يەنە بىر ـ بىرلەپ راست ـ يالغىنىنى ئېنىقلاشقا توغرا كېلەتتى. بۇ تېخىمۇ ئاۋارىچىلىق ئىدى. خې لېي كۆڭلىدە بۇنى ھەر قانچە خالىمىسىمۇ، لېكىن يەنىلا ياۋاشلىق بىلەن جياڭ باۋچۈەنگە ئەگىشىپ تۆت ئەتراپقا چاپماقتىن باشقا ئامالى يوق ئىدى. خې لېينىڭ روھسىزلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن جياڭ باۋچۈەن ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىشقا باشلىدى: «جىنايى ئىشلار ساقچىلىقىنى قورال ئېلىپ ئادەم تۇتۇپ ھەيۋە كۆرسىتىدىغان خىزمەت دەپ قالما.



بىزنىڭ ئىشلەيدىغان ئىشىمىز بەك ئىنچىكە . تەكشۈرۈش ئوبيېكتلىرىنى بىر ـ بىرلەپ چىقىرىپ تاشلاپ دائىرىنى تارايتىش بىزنىڭ كۆپ ۋاقتىمىزنى ئالىدۇ . ئاساسىي خىزمەتنى مۇشۇنداق باش چۆكۈرۈپ ئىنچىكە ئىشلىگىنىمىزدىلا ، ئاندىن جىنايەتچىلەر قالدۇرۇپ كەتكەن بىرەر يىپ ئۇچىنى تېپىپ چىقالايمىز ، بۇنىڭدا ئىلىم خېلى كۆپ جۇمۇ !... » خې لېي ئۇنىڭ بۇ نەسىھەتلىرىگە ئانچە قىزىقىپمۇ كەتمىدى : «بولدى ، بولدى ! بۇ گەپنى كىم بىلمەيتتى ، نېمىگە بۇنچىۋالا پو ئاتىسىز ؟ !»

بۇ چاغدا دېلودا تۇيۇقسىز يېڭى ئۆزگىرىش بولدى . رازۋېدكىچىلار شې لىنىڭ كەسىپداشلىرىدىن ئاڭلىشىچە ، ئۇ ئادەتتە كەچقۇرۇن ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن دېڭىز بويىغا سۇغا چۆمۈلۈشكە بارىدىكەن ، چۈنكى بۇ چاغدا قۇياش نۇرى بەدەننى كۆيدۈرمەيدىكەن . ئۇ ئادەتتە يالغۇز بارىدىكەن ، ئايرىم چاغلاردا ھەمراھىمۇ چىقىپ قالىدىكەن . بىللە بارغانلارنىڭ ئېيتىشىچە ، شې لى كىيىم ـ كېچەكلىرىنى ساقلاش ئورنىغا قويۇپ ، ساقلاش تاختىسىنى بىلىكىگە ئېسىۋالغاندىن كېيىن ، ئاندىن سۇغا چۈشىدىكەن . شې لى ئىز ـ دېرەكسىز يوقالغاندىن كېيىن ، كىيىملىرى تېپىلمىغانىنىڭ ئۈستىگە ، يانفونىمۇ ئېتىلگەنىدى . بىراق ، 7 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىگە كەلگەندە ، يوقاپ كەتكەن يانفون ئارقىلىق شەھەر ئىچىدىكى ئىككى تېلېفونغا تېلېفون ئۇرۇلدى . بۇ خەۋەر يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ، خې لېي روھلاندى ـ دە ، لاۋجياڭنى داۋاملىق تەكشۈرۈشكە تاشلاپ قويۇپ ، ئۆزى بۇ تېلېفوننى ئېنىقلىماقچى بولدى .

يانفوننى ئېنىقلاش ئىشىغا ماڭغاندىن كېيىن خې لېي ئۆزىچە كېرىلىپ كەتتى : «ۋاي لاۋجياڭ ، سەن ئۇ جايدا قۇرۇق ئاۋارە بولىۋەرگىن . مەن ئىشنى پۈتتۈرۈپ ، بۇ دېلونى ئاسانلا پاش قىلىۋەتسەم سەن نېمە دەيسەنكىن قېنى ؟» شۇ چاغقا بارغاندا لاۋجياڭنىڭ چىرايىنىڭ قانداق ئۆزگىرىپ كېتىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغان خې لېي ئىختىيارسىز ئۈنلۈك كۈلىۋەتتى .

ئىككىلا قېتىملىق تېلېفون شەھەر ئەتراپى رايونىغا ئۇرۇلغانىدى ، يەنە كېلىپ بىرسى شەھەرنىڭ جەنۇبىدا ، بىرسى شەھەرنىڭ شىمالىدا ئىدى . خې لېي تېلېگراف ئىدارىسىغا بېرىپ ئىككى تېلېفوننىڭ ئادرېسىنى تاپقاندىن كېيىن چىشىنى غۇچۇرلىتىپ : «ۋۇ ئاناڭنى ، خېلى سەۋىيەڭ باركەن ـ ھە ؟ ! قايسى ساقچىلارنى يوگۇرتمەكچى بولغانسەن ، خەپ توختا !» گەرچە يول يىراق بولسىمۇ ، لېكىن غەلىبە قازىنىش ئۈمىدى تۇغۇلغان خې لېي روھلىنىپ ، ئالدى بىلەن شەھەرنىڭ جەنۇبىي ئەتراپى رايونىغا چاپتى . نومۇر بويىچە ئىزدىۋېدى ، ئۇ بىر ئاممىۋى تېلېفون بولۇپ چىقتى . ئاپلا ! بۇنىڭدىن نېمە تاپقۇلۇق ، ئاممىۋى تېلېفون دېگەنگە كۈنىگە نۇرغۇن ئادەم تېلېفون بېرىدىغان تۇرسا ، بىرەر يىپ

ئۈچىنى تەكشۈرۈپ چىققىلى بولامدۇ ؟ دەسلەپىدىلا
ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان خې لېي غۇدۇڭشىغانچە
شىمالغا قاراپ چاپتى . خۇدا مەدەت قىلغاي ! بۇ قې-
تىمقىسى ھەرگىز ئاممىۋى تېلېفون بولۇپ قالمى-
سۇن ، دەپ تىلەيتتى ئۇ . تېلىكى ئىجاۋەت بولدى
بولغاي ، بۇ ئاممىۋى تېلېفون بولماي ، بىر تۇرالغۇ
ئۆينىڭ تېلېفونى ئىكەن . ئۇ ئۆيدە 70 ياشتىن هال-
قىغان بىر جۈپ بوۋاي -مومىاي ئولتۇرىدىكەن ، ئىك-
كىسىنىڭلا كۆزى ئاجىز ، قۇلىقى ئېغىر بولغاچقا ،
خې لېي كېلىش مەقسىتىنى ئاران دېگەندە ئاززاق
ئۇقتۇرالىدى . بوۋاي ئۇنىڭغا ، بۇ تېلېفوننى ئوغلى
ئورنىتىپ بەرگەنلىكىنى ، ئادەتتە ئوغلى ۋە كېلى-
نىدىن باشقا ئادەم تېلېفون بەرمەيدىغانلىقىنى ، ئەمما
ئالدىنقى كۈنى چۈشتىن كېيىن ھەقىقەتەن بىر غە-
لىتە تېلېفون كەلگەنلىكى ، تېلېفوننى ئالدى بىلەن
مومىاي ئالغانلىقى ، خېلى بىر چاغقىچە تېلېفوندىن
زوۋان چىقمىغانلىقى ، مومىاينىڭ قۇلىقى ئېغىر ،
ئاڭلىماي قالغان بولمىسۇن ، دەپ بوۋاي ئۆزى تېلې-
فوننى ئېلىپ نەچچە قېتىم «سەن كىم» دېســـمۇ
ھېچقانداق جاۋاب كەلمىگەنلىكىنى دەپ بەردى . خې
لېي ئۇلار قەستەن يوشۇرغان بولمىسۇن ، دەپ ئويلاپ
شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى نوپۇس بۆلۈمىگە بېرىپ ،
بۇ ئىككى تېلېفون ئىگىسىنىڭ ئىجتىمائىي مۇنا-
سىۋىتىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ چىقتى . ھېچقانداق
گۇمانلىق يېرىنى تاپالمىغاندىن كېيىن قايـتـىپ
كەلدى .

جياڭ باۋچۈەن ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن بىـر ئـاز
جىم تۇرۇپ پىكىر يۈرگۈزدى - دە :

—سەن بۇنىڭ بىر قىلتاق ئىكەنلىكىنى سەز-
مىدىڭمۇ ؟ —دەپ سورىدى .

—قىلتاق ؟ - ئەندىكىپ قالدى خې لېي . بۇرۇن ئۇ
راستىنلا بۇنداق ئويلىمىغانىدى ، هازىر ئويلىسا ، ھە-
قىقەتەن گۇمانلىق جايلىرى باردەك تۇراتتى . «بىراق ،
بۇنداق بولۇشى مۇمكىنمۇ ، ئەزەلدىن بىز توزاق قۇرۇپ
دۈشمەننى ئېلىندۇرىدىغان تۇرساق ، ئەمدى كېلىپ ئۇلار
بىزگە توزاق قۇرالامدۇ ؟ !»

—نېمىشقا مۇمكىن بولمىسۇن ، - دېدى جياڭ باۋ-
چۈەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ ، - دېلو پاش بولماسلىقىنىڭ
سەۋەبى ئۈچلا خىل بولىدۇ : يا بىز دۆت ، يا قارشى تەرەپ
ئەقىللىق ، ياكى بولمىسا قارشى تەرەپ بەك ئامەتلىك

بولغان بولىدۇ . بىز دۆتمۇ ؟ ياق ، ھەرگىزمۇ دۆت ئەمەس .
بۇرۇن پاش قىلغان شۇنچە كۆپ دېلولارنىڭ ھەممىسى
«قارىغۇ مۈشۈككە ئۆلۈك چاشقان ئۇچراپتۇ» دېگەندەك
بولغان ئەمەسمۇ ؟ ئەگەر قارشى تەرەپنىڭ ئامىتى كەلگەن
بولسا ، بۇنىڭغا ئامالىمىز يوق . بۇ دۇنيادا ئاق - قارا ئال-
مىشىپ قالىدىغان ئىشلار كۆپقۇ . هازىرقى ئەھۋالدىن
قارىغاندا ، رەقىبىمىز ئەقىللىق ئىكەن ، لېكىن ئۇ ئە-
قىللىقلىقىنى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىپتۇ . ئۇنىڭ سەكرەپ
چىقىپ بۇ ئويۇننى ئوينىغانلىقى بىزنىڭ دىققەت - ئېتى-
بارىمىزنى باشقا تەرەپكە بۇراش ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆ-
رۈۋالغىلى بولىدۇ . ئۇ نېمىشقا بۇرىماقچى بولىدۇ ؟ ئې-
نىقكى ، ئۇ بىزنىڭ تەكشۈرۈش يولىمىز ئاستا - ئاستا
بېرىپ ئۇنىڭغا خەۋپ يەتكۈزىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان ،
ئۇ قورققانلىقىدىن ئالدىراپ كېتىپ بۇ «ناباب ئۇسۇل» نى
قوللىنىشقا مەجبۇر بولغان . ئۇنىڭ بۇ قىلىقى ئۇنىڭ دەل
بىز تەكشۈرۈۋاتقان دائىرە ئىچىدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ
قويىدى .

خې لېي لاۋجياڭنىڭ مۇلاھىزىلىرىنى ئاڭلاپ ئىخ-
تىيارسىز ئۇنىڭغا چىن كۆڭلىدىن قايىل بولدى .

—ئەمدى بىز قانداق قىلىمىز ؟—سورىدى ئۇ .

—بىز ئىش تەقسىم قىلىۋالايلى ،— دېدى لاۋجياڭ
سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ،—سەن داۋاملىق ئۆلگۈ-
چىنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتىنى تەكشۈرگىن . مەن
يەنە چۆمۈلۈش مەيدانلىرىدىكى نەرسە - كېرەك ساقلاش
ئورۇنلىرىغا بېرىپ تەكشۈرۈپ باقاي ، ئۆتكەن قېتىمدا
بىرەر يىپ ئۇچىنى چۈشۈرۈپ قويدۇقمۇ - قانداق ؟ شىي
لىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى نەگە كەتكەنلىكىنى چوقۇم
ئېنىقلاش كېرەك . ئۇنىڭدىن باشقا ، قوشنىلىرى تەمىنـ-
لىگەن ھېلىقى ئوقۇغۇچى سىياقىدىكى يىگىتنىمۇ ھەر-
ۋاقىت ئەستىن چىقىرىپ قويماسلىقىمىز لازىم .

3

جياڭ باۋچۈەن چۆمۈلۈش مەيدانىدىكى نەرسە - كېرەك
ساقلاش ئورۇنلىرىغا بېرىپ خىزمەتچى خادىملار بىلەن
بىرلىكتە ساقلاش مۇددىتى ئۆتۈپ كەتكەن كىيىم - كې-
چەكلەرنى قايتا تەكشۈرۈپمۇ شىي لىنىڭ كىيىم - كې-
چەكلىرىنى تاپالمىدى . نەرسە - كېرەك ساقلاش ئورنىدىن
چىقىپ ئاستا مېڭىپ دېڭىز ساھىلىغا كەلدى . هازىر
ساياھەتچىلەر تازا قاينىغان چاغ بولۇپ ، قۇملۇق ساھىلى

سایاھەتچىلەر بىلەن تولغان ، بەكمۇ
قايناق كەيپىياتقا چۆمگەنىدى . جىياڭ
باۋچۈەن بىر جاينى تېپىپ ئولتۇردى ـ
دە ، دېڭىزغا تىكىلگىنىچە خىيالغا
چۆمدى . قاتىل ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ بو-
لۇپ ئاندىن جەسەتنى دېڭىزغا تاشلى-
غانمىدۇ ؟ ياق ! هازىرقىدەك چاغدا دې-
ڭىز ياقىسىدا سۇ ئۈزگۈچىلەر شۇنچە
كۆپ تۇرسا ، قاتىلنىڭ بۇنداق خەتەرگە
تەۋەككۇل قىلىشى مۇمكىن ئەمەس .
ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ دېڭىز ترانسپورت
ج خ ئىدارىسىدىكى مۇتەخەسسىسلەردىن
مەخسۇس سوراشتۇرۇپ ، لەيلىمە جە-
سەتنىڭ چۆكۈش قانۇنىيىتى ۋە يېقىن-
قى مەزگىللىك دېڭىز دولقۇنى ئەھۋا-
لىدىن قارىغاندا ، بۇ دېلودىكى جەسەت
ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ دېڭىز قىرغىقىدىن
1500 مېتىر ئىچكىرىسىدە سۇغا تاش-
لانغانلىقىنى بىلدى . شيې لىنىڭ كى-



يىملىرى نەگە كەتكەندۇ ؟ ئۇنىڭ يانفونى كىيىملىرى
بىلەن بىرگە بولۇشى كېرەك ئىدىغۇ . هازىر بۇ يانفوننى
بىرى ئىشلەتتى . بۇ يانفوننى ئىشلەتكەن كىشى شيې
لىنى ئۆلتۈرگەن قاتىل ئىكەنلىكى ئېھتىمالغا ئىنتايىن
يېقىن . دېمەك ، قاتىلنىڭ ئۆلگۈچىنىڭ كىيىملىرىنى
ئۆزى مۇۋاپىق كۆرگەن ئۇسۇل بويىچە بىرتەرەپ قىلىشى ئې-
كەنلىكى ئېنىق . ئۇنداقتا ، قانداق بىر تەرەپ قىلغاندۇ ؟
ئالدى بىلەن شيې لى كىيىم ـ كېچەكنى ساقلاشقا قوي-
غان ، قاتىل ئۇنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن كىيىم ساقلاش
تاختىسىنى ئېلىپ بېرىپ ساقلاش ئورنىدىن ئېلىۋالغان-
مىدۇ ؟ ياق ، بۇ ئېھتىمالدىن يىراق ، چۈنكى سۇ ئۈزگىلى
كەلگەنلەر كىيىمىنى ساقلاشقا قويغاندا ، ئانچە چىڭ ئو-
راپ كەتمەيدۇ ، قانداق كىيىم ئىكەنلىكى ئاسانلا بىلىنىپ
قالىدۇ ، ئەگەر بىر ئەر كىشى بىر ئايال كىشىنىڭ كى-
يىمىنى ساقلاش ئورنىدىن ئالسا دەپ كەلسە ، گۇمان
تۇغدۇرۇپ قويىدۇ ...بۇمۇ توغرا ئەمەس . ئەگەر قاتىل بىر
ئايال ياكى قاتىلنىڭ ئايال شېرىكى بولسىچۇ ؟ ياكى بول-
مىسا ، ئۇ بىر باھانە توقۇپ چىقىپ ۋاكالىتەن ئالغان
بولسىچۇ ؟ ئېرى ئايالىنىڭ ، ئەرلەر ئايال دوستىنىڭ
كىيىمىنى ۋاكالىتەن ئېلىپ كېتىدىغان ئەھۋاللارنىمۇ
يوق دېگىلى بولمايدۇ ـ دە . جىياڭ باۋچۈەننىڭ لوگىكىلىق

ئانالىزلىرى قالايمىقانلىشىپ كەتكەندىن كېيىن ، ئۇ
پىكىر يولىنى ۋاقتىدا تەڭشىۋالدى : بۇنداق بولۇش ئېھ-
تىمالى تازا مۇمكىن بولمىسا ، باشقا بىر خىل ئەھۋالنى
پەرەز قىلىپ كۆرگۈلۈك . ئەگەر شيې لى كىيىمىنى
ساقلاشقا قويمىغان بولسىچۇ ؟ ئۇنىڭ كىيىمىنى بېشىدا
ئېگىز كۆتۈرۈپ يۈرۈپ سۇ ئۈزۈشى مۇمكىن ئەمەسقۇ .
روشەنكى ، ئۇ كىيىملىرىنى ھۆل قىلماسلىق ئۈچۈن ،
كىيىم قويغىلى بولىدىغان بىرەر نەرسىگە ئېھتىياج بو-
لىدۇ . ئۇ نېمىدۇ ؟ جىياڭ باۋچۈەن كۆزلىرىنى چەكسىز
كەتكەن ساھىلغا يۈگۈرتتى . بىرنەچچە سۇ ئۈزگۈچى
سۇنىڭ تېيىز يېرىدىن بىر كىچىك قولۋاقنى دېڭىزغا
ئىتتىرىپ كىرىۋاتاتتى . بىر خىيال تويۇقسىز ئۇنىڭ
كاللىسىغا كىرىش بىلەن كۆڭلى ۋاللىدە يورۇپ كەتتى :
قولۋاق ! توغرا ، شيې لى بىر قولۋاققا مۇھتاج ، بەلكى
قاتىلمۇ ئوخشاشلا ئاشۇ قولۋاققا مۇھتاج .

جىياڭ باۋچۈەن تويۇقسىز كەلگەن بۇ ئىلھامدىن جان-
لىنىپ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى . ئەتراپتىكىلەر چۆ-
چۈپ ھەيرانلىقتا ئۇنىڭغا قاراپ قويۇشتى . دەسلەپكى ھا-
ياجانلىنىش ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ، ئۇ يەنە ئاستا
ئورنىدا ئولتۇرۇپ قايتا پىكىر يۈرگۈزۈشكە كىرىشتى :
بۇنداق قولۋاقلار چۆمۈلۈش مەيدانلىرىنىڭ ھەممىسىدە

دېگىدەك ئىجارىگە بېرىلىدۇ . قاتىل قولۋاقنى مۇشۇ دېڭىز قولتۇقى چۆمۈلۈش مەيدانىدىن ئىجارىگە ئالغانمىدۇ ؟ ياكى باشقا يەردىن ئالغانمىدۇ ؟ ئۇ كېيىنكى پەرەزنى دەرھال ئىنكار قىلىۋەتتى ، چۈنكى ئەگەر ئۇنداق بولسا ، شىيې لى كىيىملىرىنى جەزمەن ساقلاشقا قويغان بولاتتى . بىر دادىل پەرەز مەيدانغا كەلدى : شىيې لى قاتىل بىلەن (ئەلۋەتتە ئۇلار تونۇش) بىرلىكتە دېڭىز بويىغا كەلگەن ، بىر قولۋاقنى ئىجارىگە ئېلىپ دېڭىزغا چىققان . قىرغاقتىن يىراقلىشىپ ، ئەتراپتا ئادەم يوق جايغا كەلگەندە ، قاتىل شىيې لىنى ئۆلتۈرۈپ ، جەسىتىنى دېڭىزغا تاشلىۋەتكەن ...ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە ، جياڭ باۋچۈەن دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئالدىراش قولۋاق ئىجارىگە بېرىش ئورنىغا يېتىپ كەلدى . بىختەرلىك يۈزىسىدىن قولۋاق ئىجارىگە بەرگۈچى ئىشنى ناھايىتى پۇختا قىلغان بولۇپ ، ھەربىر ئىجارىگە ئالغۇچىنىڭ ئىناۋەتلىك كىنىشكىسىدىكى ئىسىم ـ فامىلىسىنى تىزىملاپ ، ئىجارىگە ئالغان ، قايتۇرغان ۋاقتىنىمۇ قوشۇپ ئېنىق يېزىپ كەلگەنىكەن . جياڭ باۋچۈەن ساقچىلىق كىنىشكىسىنى ئورۇن مەسئۇلىغا كۆرسىتىپ ، 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىن 15 ـ كۈنىگىچە بارلىق قولۋاق ئىجارىگە ئالغۇچىلارنىڭ ئىسىملىكىنى بىر نۇسخا كۆپەيتىۋالدى .

ئۇ قايتىپ كېلىپ ئويلىغانلىرىنى خې لېيغا ئېيتىۋىدى ، خې لېي بىرلا ئېغىز سۆز بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويدى :

—مۇددىئاسى نېمە ؟

جياڭ باۋچۈەن تۇنجى قېتىم خې لېينىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرەلمەي قالدى . توغرا ، ئادەم ئۆلتۈرۈشنىڭ سەۋەبى بولىدۇ ـ دە ، مال ـ دۇنيا ئۈچۈنمۇ ، ئۆچ ئېلىش ئۈچۈنمۇ ، ياكى مۇھەببەت ئۈچۈنمۇ ؟ جياڭ باۋچۈەن ھازىرچە بۇنىڭ بىرەرسىگىمۇ جاۋاب بېرەلمەيتتى . ئۆزى ئىگىلىگەن ئەھۋاللار ئىچىدە مۇشۇ جەھەتلەردىن گۇمانلانغىدەك بىرەر يىپ ئۇچى يوق ئىدى . بىراق ، ئۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ يۇقىرىقىدەك ئەقلىي خۇلاسىسىگە تولۇق ئىشىنەتتى ، نېمە ئۈچۈنلىكىنى بىلمەيتتى ، بەلكىم بۇ ئۆزىنىڭ سېزىمى بولسا كېرەك .

—ھازىرچە ، پەرىزىڭىزنى بىرياققا قويۇپ تۇرۇڭ ، بىز قىلىدىغان يەنە نۇرغۇن ئىش بار ، ـ دېدى خې لېي كۆرەڭلەپ . خې لېينىڭ چوڭ گەپ قىلغىنىدىن قارىغاندا ، ئۇ بىرەر مۇھىم يىپ ئۇچى تاپقاندەك قىلامدۇ نېمە ؟ جياڭ باۋچۈەننىڭ پەرىزى توغرا چىقتى . خې لېي ھەقىقەتەن بىر مۇھىم يىپ ئۇچى تاپقانىدى .

خې لېي داۋاملىق رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش داۋامىدا ، بۇرۇنقىغا زادىلا ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئىنتايىن ئىنچىكىلىك بىلەن ئىشلەپ ، تەكشۈرۈش خاتىرىسىنى مۇكەممەل تەييارلاپ چىققان ، يەنى شىيې لىنىڭ بارلىق كەسپداشلىرى ، دوستلىرىنىڭ شەخسىي تەرجىمىھالى ۋە ئەھۋالىنى ئېنىق تەكشۈرۈپ خاتىرە قالدۇرغانىدى . كۆڭۈل قويغان ئادەمنىڭ ئەجرى بىكار كەتمەيتۇ دېگەندەك ، 7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن شىيې لىنىڭ كەسپدىشى بولغان شىركەت مالىيە بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى خۇ يىپىڭ بىلەن سۆھبەتلەشكەندە ، ئۇ ساقچىلار بۇرۇن پۈتۈنلەي سەل قارىغان بىر ئەھۋال بىلەن تەمىنلىدى :

—مەن شىيې لىنىڭ كومپيۇتېر تورىدا سۆزلەشكەنلىكىنى كۆرگەنىدىم ، —دېدى خۇ يىپىڭ ،—بۇ دېلو توردىكى دوستلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىكمۇ ـ قانداق ؟ ھازىر گېزىتلاردا تور ئارقىلىق پۇلنى ئالداپ كېتىدىغان ، ساختا مۇھەببەتلىشىدىغان دېلولار دائىم ئېلان قىلىنىپ تۇرۇۋاتىدىغۇ ؟

خې لېي خۇددى چۈشتىن ئويغانغاندەك بولۇپ ، بۇ ئەھۋالنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى ـ دە ، جياڭ باۋچۈەننى تېپىپ مەسلىھەتلەشمەكچى بولۇپ تۇرغاندا ، جياڭ باۋچۈەننىڭ ئۆزى يېتىپ كەلدى .

جياڭ باۋچۈەن بۇ بىر مۇھىم ئەھۋال ئىكەن . ھەر ئىككىمىز ئۆز ئىشىمىزنى قىلايلى ، مەيلى كىمنىڭ يولى توغرا بولسۇن ، ئىشقىلىپ دېلونى پاش قىلالىساقلا بىر خۇشاللىنارلىق ئىش بولىدۇ ، دېدى . ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ بولۇپ ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا ، خې لېي ئۇنىڭ يېڭىدىن تارتىپ نېمىدۇر دېمەكچى بولدىيۇ ، يەنە ئارىسالدى بولۇپ توختاپ قالدى . جياڭ باۋچۈەن بۇنىڭغا ھەيران بولدى . بۇ ھەرگىز خې لېينىڭ خاراكتېرى ئەمەس ئىدى . بۈگۈن ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ ؟ خې لېي بىر ئاز جىم تۇرغاندىن كېيىن قىزىرىپ ـ تاتىرىپ سۆز ئاچتى :

—لاۋجياڭ ، سىز كەتمەڭ ، كومپيۇتېر تورى دېگەنلەردىن ئازراقمۇ خەۋىرىم يوق ، سىز ياردەم قىلمىسىڭىز بولماس ، شۇنداق ئەمەسمۇ ؟—جياڭ باۋچۈەن چۈشەندى ۋە ھېچقانداق ئىككىلەنمەيلا ئۇنىڭغا ماقۇل بولدى .

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

مەخمۇت ئابدۇرېھىم تەرجىمىسى

# ئاتا ـ ئانا بىلەن پەرزەنتلەر ئارا ۋارىسلىق قىلىش هوقۇقىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك ؟

يېڭى نىكاھ قانۇنىنىڭ 24 ـ ماددا 2 ـ تارمىقىدا : «ئاتا ـ ئانا بىلەن پەرزەنتلەرنىڭ مىراسقا ئۆزئارا ۋارىسلىق قىلىش هوقۇقى بار» دەپ بەلگىلەنگەن . ۋارىسلىق هوقۇقى ۋارىسلارنىڭ قانۇندىكى بەلگىلىمىگە ياكى مىراس قالدۇرغۇچى هايات ۋاقتىدا قالدۇرغان قانۇنلۇق ۋە كۆچكە ئىگە ۋەسىيەتكە ئاساسەن ، مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ مىراسىغا ۋارىسلىق قىلىش هوقۇقىنى كۆرسىتىدۇ . ئاتا ـ ئانا بىلەن پەرزەنتلەر ئارا ۋارىسلىق قىلىش هوقۇقى ئىككى تەرەپنىڭ ئالاھىدە سالاھىيەت مۇناسىۋىتى ئاساسىدا پەيدا بولىدۇ . دۆلىتىمىزنىڭ «ۋارىسلىق قانۇنى» غا ئاساسلانغاندا ، ئۇلار ئۆزئارا بىرىنچى رەتتىكى قانۇنىي ۋارىس بولىدۇ .

«ۋارىسلىق قانۇنى» نىڭ 10 ـ ماددىسىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن : بۇ قانۇندا ئېيتىلغان پەرزەنتلەر نىكاھلىق تۇغۇلغان پەرزەنتلەرنى ، نىكاھسىز تۇغۇلغان پەرزەنتلەرنى ، بېقىۋېلىنغان پەرزەنتلەرنى ۋە بېقىش مۇناسىۋىتى بولغان ئۆگەي پەرزەنتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . بۇ قانۇندا ئېيتىلغان ئاتا ـ ئانا ئۆز ئاتا ـ ئانىسىنى ، بېقىۋالغان ئاتا ـ ئانىسىنى ۋە بېقىش مۇناسىۋىتى بولغان ئۆگەي ئاتا ـ ئانىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . دېمەك ، ئاتا ـ ئانا بىلەن پەرزەنتلەرنىڭ مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش هوقۇقى باراۋەر بولىدۇ ، پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىنىڭ مىراسىغا ۋارىسلىق قىلىش هوقۇقىمۇ پۈتۈنلەي باراۋەر بولىدۇ . ئۇلار جىنسىنىڭ ، ياشىنىڭ ، نىكاھلانغان ـ نىكاھلانمىغانلىقىنىڭ چەكلىمىسىگە ۋە تەسىرىگە ئۇچرىماسلىقى كېرەك . ئەدلىيە ئەمەلىيىتىدە ئاتا ـ ئانا بىلەن پەرزەنتلەر ئارا ۋارىسلىق قىلىش هوقۇقى جەھەتتە تۆۋەندىكى بىر نەچچە خىل ئالاھىدە ئەھۋالغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم :

① قورساقتىكى هامىلە ئۈچۈن ۋارىسلىق قىلىدىغان ئۈلۈشنى ساقلاپ قويۇش كېرەك . «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋارىسلىق قانۇنى» نىڭ 28 ـ ماددىسىدا : «مىراس بۆلۈش ۋاقتىدا ، هامىلىگە تېگىشلىك مىراس ئۈلۈشى ساقلاپ قويۇلۇشى كېرەك . هامىلە ئۆلۈك تۇغۇلسا ، ساقلاپ قويۇلغان مىراس ئۈلۈشى قانۇنىي ۋارىسلىق بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن . ②نىكاھسىز تۇغۇلغان پەرزەنتلەر بىلەن ئۆز ئاتا ـ ئانىسى ئۆزئارا ۋارىسلىق قىلىش هوقۇقىغا ئىگە . ③ بېقىۋېلىنغان پەرزەنتلەر بىلەن بېقىۋالغۇچى ئاتا ـ ئانا ئۆزئارا ۋارىسلىق قىلىش هوقۇقىغا ئىگە ، لېكىن بېقىۋېلىنغان پەرزەنتلەر بىلەن ئۆز ئاتا ـ ئانىسى ئۆزئارا ۋارىسلىق قىلىش هوقۇقىغا ئىگە بولۇشتىن قالىدۇ . ④ بېقىش مۇناسىۋىتى شەكىللەنگەن ئۆگەي پەرزەنتلەر بىلەن ئۆگەي ئاتا ـ ئانا ئۆزئارا ۋارىسلىق قىلىش هوقۇقىغا ئىگە ، ئۆگەي پەرزەنتلەر بىلەن ئۆز ئاتا ـ ئانىسىمۇ ئۆزئارا ۋارىسلىق قىلىش هوقۇقىغا ئىگە .

⑤ پەرزەنتلەر ئاتا ـ ئانىدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن بولسا ، شۇ پەرزەنتلەرنىڭ بىۋاسىتە قانداش تۇغقان ئەۋلادلىرى قانۇن بويىچە ئورۇن بېسىپ ۋارىسلىق قىلىش هوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ .

**مىلاقىز بەكرى تەييارلىغان**



## چۈشلەر

(6 ـ سان)

# شەھەر كۆكەرتىش قۇرۇلۇشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلار جاجىسىنى يېدى

ئاقسۇ شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمە-
سى يېقىندا «شەھەر مەنزىرە دەرىخىگە دەخ-
لى ـ تەرۇز قىلىش دېلوسى» دىكى ھۆكۈمنا-
مىنىڭ ئىجراسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ، جا-
ۋابكارلاردىن تۆلىتىپ ئېلىشقا تېگىشلىك
7613 يۈەن 52 پۇڭ ئىقتىسادىي زىياننى نەق-
لەشتۈردى .

ئىگىلىنىشچە ، شەھەر ئاھالىسى
نيۇ× × بىلەن ليۇ× × 2001 ـ يىلى 4 ـ
ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئاقسۇ شەھىرىنىڭ شىما-
لىي تەگرىتاغ يولىدىكى كوچا بويىغا تىكىل-
گەن 78 تۈپ ئېرەن دەرىخى بىلەن 18 تۈپ
فرانسىيە چىنارىنى پىچاق بىلەن كېسىپ
نابۇت قىلىپ ، شەھەرنى كۆكەرتىش قۇرۇلۇ-
شىغا ئېغىر زىيان سالغان . ۋەقەدىن كېيىن
شەھەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى جاۋاب-
كارلار ئۈستىدىن دېلو تۇرغۇزۇپ ، سوت
مەھكىمىسىگە بۇ ئىككى نەپەر دېلو سادىر
قىلغۇچى ئۈستىدىن ئەيىبلەشنامە سۇنغاند-
دىن كېيىن ، سوت مەھكىمىسى مۇناسىۋەت-
لىك قانۇن ـ نىزاملارغا ئاساسەن 2001 ـ يىل
11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى سوت ئېچىپ ، جاۋابكار
نيۇ× × بىلەن ليۇ× × لەرگە ئايرىم ـ ئايرىم
ھالدا مۇددەتلىك 6 ئايلىقتىن قاماق جازاسى
بېرىپ ، بىر يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قى-
لىش ھەمدە دەرەخلەرگە زىيان سېلىشتىن
كېلىپ چىققان ئاقىۋەت ئۈچۈن 7613 يۈەن 52
پۇڭ ئىقتىسادىي تۆلەم تۆلەش ھەققىدە ھۆكۈم
چىقارغان .

**ئەركىن پالتى**

# تاكسى بۇلىغان جىنايەتچىلەر قانۇن تورىغا چۈشتى

يەكەن ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى جىنايى
ئىشلار رازۋېدكا چوڭ ئەترىتى يېقىندا بىر قى-
تىملىق تاكسى بۇلاش دېلوسىنى پاش قىلىپ ،
ئىككى نەپەر جىنايەت گۇماندارىنى قانۇن تورىغا
چۈشۈرۈپ زىيانلانغۇچىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغ-
داپ قالدى .

2002 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى جىنايەت
گۇماندارلىرى ئى× × بىلەن م× × ماشىنا بۇلاپ
كۆپرەك پۇل تېپىشنى مەسلىھەت قىلىشىپ ،
يەكەن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قورۇسى
ئالدىدا قىزىل رەڭلىك «شيالى» ماركىلىق تاك-
سىنى توسۇپ ، «روھىي كېسەللىكلەر دوخ-
تۇرخانىسىغا بارىمىز » دەپ 10 يۈەنگە كىرا قىل-
غان . ئۇلار يەكەن ناھىيىسىنىڭ تومئۆستەڭ
يېزا بېھىشۋاغ كەنت 1 ـ مەھەللە تەۋەسىگە كەل-
گەندە ، جىنايەت گۇماندارى يېنىدىن پىچاق
چىقىرىپ ، تاكسى شوپۇرىغا تەھدىت سېلىپ ،
يېنىدىن 60 يۈەن نەق پۇلنى بۇلىغاندىن كېيىن ،
زىيانلانغۇچىنى ماشىنىنىڭ ئارقا ئورۇندۇقىغا
چىقىرىپ ، جىنايەت گۇماندارى ئى× × ماشى-
نىنى ھەيدەپ ماڭغان . ماشىنا يەكەن چوڭ تاش
يولىغا چىققاندا ، زىيانلانغۇچى جىنايەت گۇ-
ماندارلىرىنىڭ ھودۇقۇپ كەتكەن پۇرسىتىدىن
پايدىلىنىپ ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشۈۋېلىپ ،
ئۇرۇمچى ۋاقتى سائەت تۆتلەر ئەتراپىدا ج خ ئى-
دارىسىغا ئەھۋال مەلۇم قىلغان . يەكەن ناھىيى-
لىك ج خ ئىدارىسى جىنايى ئىشلار رازۋېدكا
چوڭ ئەترىتى دېلو مەلۇماتىنى ئالغاندىن كېيىن ،
دەرھال كۈچ تەشكىللەپ ، جىنايەت گۇماندارلى-
رىنى تۇتۇشقا ئاتلانغان . جىددىي رازۋېدكا قى-
لىش ئارقىلىق شۇ كۈنى كەچ سائەت توققۇز
يېرىملاردا جىنايەت گۇماندارى ئى× × بىلەن
م× × لەر قانۇن تورىغا چۈشۈرۈلدى .

نۆۋەتتە بۇ دېلو يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ تەك-
شۈرۈلمەكتە .

**مۇھەممەت مۇسا**

يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى ھەر قايسى تۈرمىلەردە جازا ئۆتەۋاتقان جىنايەتچىلەردىن جىنايىتىنى تونۇش ، تۆۋە قىلىش ، خىزمەت كۆرسىتىش ئىپادىسى بولغانلىرىنىڭ جازا مۇددىتىنى كېمەيتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىرگە ، جىنايەتچىلەر بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇپ ۋە ئۇلارغا تۈرلۈك قانۇنلارنى تەشۋىق قىلىپ ، ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىش ئاكتىپلىقىغا ئىلھام بەردى .



سۈرەتتە : بىر قىسىم سودىيىلەر تۈرمە مەسئۇللىرى بىلەن بىرگە جىنايەتچىلەر بىلەن پىكىر ئالماشتۇرماقتا .

**ماموت بارات فوتوسى**

ئاتۇش شەھەرلىك ج خ ئورمانچىلىق ساقچىخانىسى يېقىندا دۆلەت تەرىپىدىن 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان يارىلانغان تاز قارىنى يەتتە كۈن بېقىپ ساقايتقاندىن كېيىن ، تەبىئەتكە قويۇپ بەردى .

**ئابدۇساتتار ئابدۇرېھىم**

ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن پىچان ناھىيىلىك توك بىلەن تەمىنلەش ئىدارىسى ، پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى قاتارلىق ئالتە ئىدارە ، ئورۇن ناھىيە بازىرىدا تەشۋىقات پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ ، 14 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق تەشۋىقات ۋەرىقى تارقاتتى ھەمدە مەسلىھەت بەردى .



سۈرەتتە : پائالىيەتتىن كۆرۈنۈش .

**ئالىمجان ئابدۇراخمان فوتوسى**

# پىچان ناھىيىسىدە كارانتىن قىلىنمىغان 138 كىلوگرام گۆش كۆيدۈرۈلدى

يېقىندا پىچان ناھىيىلىك س س م ب ئىدارىسى ناھىيىلىك ھايۋانات كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - نازارەت قىلىش پونكىتى قاتارلىق ئورۇنلار بىلەن بىرلىكتە ئېلىپ بارغان گۆش بازىرىنى تەكشۈرۈپ تەرتىپكە سېلىش داۋامىدا ، 2760 يۈەن قىممىتىدىكى كارانتىن قىلىنمىغان 138 كىلوگرام قوي ، كالا ، چوشقا گۆشىنى ئېنىقلاپ كۆيدۈرۈپ ، ئىستېمالچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداپ قالدى .

**كېرەم روزى**

يېقىندا لوپنۇر ناھىيىلىك س س م ب ئىدارىسىدىكى كادىرلار كوچىلارغا چىقىپ ، ھەر مىللەت ئاممىسىغا قانۇندىن مەسلىھەت بېرىش ئورنى تەسىس قىلىپ ، «پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشى ئېيى» پائالىيىتىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق نامايان قىلدى .



سۈرەتتە : پائالىيەتتىن كۆرۈنۈش .

**بۇرھانجان ھەمدۇل فوتوسى**

قاراقاش ناھىيىلىك س س م ب ئىدارىسى بازارلىق پونكىتى بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان بازارلارنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى . بۇ پونكىت يېقىندا باشقىلارنىڭ تاۋار ماركا ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىپ ئوخشىتىپ ياسالغان 65 قۇتا «سىيادان» ماركىلىق چاچ يۇيۇش سۇيۇقلۇقىنى يىغىۋېلىپ ، ئالاقىدار كىشىلەرنىڭ تىجارىتىنى توختىتىپ ، يىغىۋېلىنغان چاچ يۇيۇش سۇيۇقلۇقىنى مۇسادىرە قىلدى .

**ئازاتگۈل توختىمۇھەممەت**



## رازۋېدكىچىنىڭ بىپەرۋالىقى

بىر بىنانىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇەن رازۋېدكىچى بىلەن ئايال ئوغرى مېيگۇ تەسادىپىي ئۇچرىشىپ قالدى .

—ۋاي – ۋۇي ، يوقاپلا كەتتىڭىزغۇ !

—ئوھۇي ، تۇەن ئەپەندىغۇ بۇ ، كۆرۈشمىگىنىمىزگە ئۇزۇن بوپتۇ ، بۇ يەرگە بىرەر ئىش بىلەن كەلگەنمىتىڭىز ؟

— خاتىرە دەپتىرىمنى يەر ئاستى 3 – قەۋەتتىكى ئاممىۋى تېلېفون يېنىدا ئۇنتۇپ قاپتىمەن ، ئۇنى ئالغىلى كەلدىم ، سىزچۇ ؟

— مەنمۇ شۇنداق . مەن 3 – قەۋەتتىكى ئاممىۋى تېلېفون يېنىدا تېلېفون نومۇرى دەپتىرىمنى تاشلاپ قويۇپ چىقىپتىمەن . تۇەن ئەپەندى ، ئىككىمىز مۇسابىقىلىشىپ باقساق قانداق ؟



—قانداق مۇسابىقىلىشىمىز ؟

—كىم ئۆز نەرسىسىنى لىفىتكە چۈشمەي بالدۇر ئەكىلىۋالىدىغانلىقى توغرىسىدا مۇسابىقىلىشەيلى ، كىم ئۇتتۇرۇپ قويسا ، شۇ مېھمان قىلسۇن .

—بولىدۇ ئەمىسە ، قېنى باشلايلى ، —شۇ گەپ بىلەن تەڭ ھەر ئىككىلىسى پەلەمپەيگە قاراپ ئېتىلدى . ئەمما ، تۇەن رازۋېدكىچى يەر ئاستىغا چۈشىدىغان پەلەمپەي ئېغىزىغا كېلىپلا تۇساتتىن توختاپ قالدى – دە :


—ئاپلا ، مېيگۇنىڭ ئالدىمىغا چۈشۈپتىمەن ، —دەۋەتتى .

بۇ نېمە ئۈچۈن ؟

## $2 \times 4 = 4$ نىڭ سىرى

ساقچى تەرەپ ئوغرى مېيگۇنىڭ مەلۇم بىر داچىغا يوشۇرۇنىۋالغانلىقى توغرىسىدىكى ئاخباراتقا ئېرىشتى . بۇ داچا تۆت چاسا سېلىنغان ئىمارەت بولۇپ ، تۆتلا تەرىپىدە دېرىزە بار ئىدى . ساقچى باشلىقى سەككىز ساقچىنى داچىنى كۆزىتىشكە تەيىنلەپ ، ئۇلارغا :

—ھەر ئىككىڭلار بىردىن دېرىزىگە مەسئۇل بولۇپ ، ئوبدان كۆزىتىڭلار ، ئوغرىنى قاچۇرۇپ قويماڭلار ! —دەپ جېكىلىدى .



ئەمما ، ئەتىسى ساقچى باشلىقى ساقچىلارنىڭ ۋەزىپە ئىجرا قىلىشىنى تەكشۈرگىلى بېرىپ ، پەقەت تۆتلا ساقچىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەۋاتقانلىقى ، قالغان تۆتىنىڭ نەگىدۇر كېتىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ، بۇ ساقچىلار بۇيرۇقىمنى ئاڭلىماپتۇ ، دەپ كايىشقا باشلىدى .

—كايىماڭ باشلىق ، —دېدى رازۋېدكا باشلىقى تۇەن چۈشەندۈرۈپ ، —ئۇ تۆتەيلەن نۆۋەت ئالمىشىپ ئارام ئېلىۋاتىدۇ . مەن ئۇلارغا شۇنداق قىلىڭلار دېگەن . ئىككى ئادەم بىر دېرىزىگە مەسئۇل بولسا ، تۆت تەرەپتىكى دېرىزىنى كۆزىتىش ئۈچۈن تۆت ساقچى بولسىلا كۇپايە قىلىدۇ .

ئۇنداقتا ، بۇ تۆت ساقچى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇلغان ؟

**ئەرلىك ساغلاملىقىنىڭ كۆۋرۈكى**

**ئاياللىق سۈپىتىنىڭ كاپالىتى**

**مۇھەببەتلىك تۇرمۇشنىڭ ئاساسى**

# بوغدا دوختۇرخانىسى

بوغدا دوختۇرخانىسى ئەرلەر بۆلۈمى ، ئاياللار بۆلۈمى ۋە ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈملىرىنى ئاساس قىلغان ، ئۈرۈمچى ، قەشقەر ، ئاقسۇ شەھەرلىرىدە تارماق دوختۇرخانىلىرىنى تەسىس قىلغان زەنجىرسىمان شەكىلدىكى داۋالاش ئورگىنى .

بوغدا دوختۇرخانىسى ئەر ـ ئاياللاردىكى پەرزەنت كۆرەلمەسلىك ، جىنسىي ئىقتىدار ئاجىزلىقى ، مەزى بېزى ياللۇغى ، ھەر خىل ئاياللار كېسەللىكلىرى ، سۆزنەك ، سىيلىس ۋە باشقا يۇقۇملۇق جىنسىي كېسەللىكلەرنى داۋالايدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا ھامىلىدارلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ، دورا بىلەن ھامىلە چۈشۈرۈش ۋە خەتنە قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزگىچە ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن سىزگە ساغلاملىق ئاتا قىلىدۇ .

بوغدا دوختۇرخانىسى بىمارلارنىڭ كېلىپ كېسەل كۆرسىتىشىنى ، تېلېفون ياكى خەت ئارقىلىق مەسلىھەت سورىشىنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ . ھەر قانداق بىمارنىڭ مەخپىيەتلىكىنى قەتئىي ساقلايدۇ . ھېيت ـ بايرام ، شەنبە ، يەكشەنبە ۋە باشقا دەم ئېلىش كۈنلىرىدىمۇ ئادەتتىكىدەكلا كېسەل كۆرىدۇ . بوغدا دوختۇرخانىلىرى ئىلغار داۋالاش تېخنىكىسى ، زامانىۋى داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى ۋە ئەلا داۋالاش مۇھىتى بىلەن ھەر مىللەت خەلقىگە ئىنچىكە ، كۆڭۈلدىكىدەك ياخشى مۇلازىمەت قىلىدۇ .

**ئۈرۈمچى بوغدا دوختۇرخانىسى :** ئۈرۈمچى شەھىرى «غالىبىيەت» يولى 193 ـ نومۇر (قوشۇمچە ) ، 1 ـ ، 101 ـ ، 16 ـ يول ئاپتوبۇسلىرىغا ئولتۇرۇپ ، «يەنئەن» يولى بېكىتىدە چۈشسىڭىز بولىدۇ . مەسلىھەت سوراش تېلېفونى : 2850555 ـ 0991

**قەشقەر ۋىلايەتلىك بوغدا دوختۇرخانىسى :** قەشقەر شەھىرى «دەريا ساھىلى » يولى 1 ـ نومۇرلۇق قورۇ ، يەنى گۈزەلنىڭ كۆۋرۈكى يېنىدا . مەسلىھەت سوراش تېلېفونى : 2830555 ـ 0998

**ئاقسۇ ۋىلايەتلىك بوغدا دوختۇرخانىسى :** ئاقسۇ شەھىرى جەنۇبىي چوڭ كوچا 51 ـ نومۇرلۇق قورۇ ، يەنى شەھەرلىك تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ يېنىدىكى ئايلانما دوقمۇشتا . مەسلىھەت سوراش تېلېفونى : 2617755 ـ 0997

**بوغدا دوختۇرخانىسى— ئۆزىڭىزنىڭ دوختۇرخانىسى**

## «توك توختىغان كېچىگە دائىر ئىسپات سۆزى (1)» نىڭ جاۋابى

ئۇ بىر ئەمالار يېزىقىدىكى كىتاب . ئوتتۇرا ياشلىق بۇ ئايال ئەمالار يېزىقىنى ئوقىيالايدۇ . ئەمالار يېزىقى بارماق بىلەن سىيلاش ئارقىلىق ئوقۇلىدۇ ، شۇڭا قاراڭغۇ كېچىدىمۇ ئۇنى ئوقۇغىلى بولىدۇ .

## «توك توختىغان كېچىگە دائىر ئىسپات سۆزى (2)» نىڭ جاۋابى

بۇ داچىنىڭ ئىشىك قوڭغۇرىقى باتارىيە سېلىنىدىغان قوڭغۇراق بولۇپ ، باتارىيە تۈگەپ قالمىسىلا ئىشلەۋېرەتتى . دېلودىكى گۇماندار تۇغقىنىنىڭ ئۆيىنى ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن ، ئۇ ئىشىك قوڭغۇرىقىنىڭ باتارىيە سېلىنىدىغان قوڭغۇراق ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلمىغانىدى .

# تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە ئېلىش ئۈچۈن قانداق شەرتلەرنى ھازىرلاش كېرەك ؟

*سوئال : مېنىڭ ئاكام يېقىندا باشقىلار ئوغرىلاپ كەلگەن زاڭ ماللارنى سېتىۋېلىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن ج خ ئورۇنلىرى تەرىپىدىن قاماپ قويۇلدى . ئاكامنىڭ سالامەتلىكى ياخشى ئەمەس ، يېشىمۇ چوڭىيىپ قالدى . شۇڭا ، مەن ئاكامنى كېپىلگە ئېلىپ چىقىۋالاي دېگەنىدىم . بۇنىڭ ئۈچۈن قانداق شەرتلەرنى ھازىرلىشىم كېرەك ؟*

**زۆھرەگۈل**

جاۋاب : تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىش دۆلىتىمىز جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىدا بەلگىلەنگەن مەجبۇرلاش تەدبىرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ، بۇ ، خەلق سوت مەھكىمىسى ، خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ۋە ج خ ئورگىنىنى جىنايەت گۇماندارى ياكى جاۋابكارنى قانۇن بويىچە كېپىل كۆرسىتىشكە ياكى كېپىللىك پۇلى تاپشۇرۇشقا ھەمدە كاپالەتنامە يېزىپ بېرىشكە بۇيرۇپ ، ئۇلارنى تەھقىقلەش ، ئەيىبلەش ۋە سوت قىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرماسلىققا ، ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلماسلىققا ھەمدە چاقىرتىلغاندا ۋاقتىدا ھازىر بولۇشقا كاپالەتلىك قىلدۇرىدىغان بىر خىل مەجبۇرلاش تەدبىرىنى كۆرسىتىدۇ . بۇ بەلگىلىمىگە ئاساسلانغاندا ، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىش تەدبىرى ئادەتتە جىنايىتى بىر قەدەر يېنىك بولۇپ ، قولغا ئېلىشقا شەرتى توشمايدىغان ياكى قولغا ئېلىشقا تېگىشلىك بولسىمۇ ، بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىلسە جەمئىيەتكە قايتا زىيان يەتكۈزۈشىدىن ساقلانغىلى بولىدىغان جىنايەت گۇماندارلىرى ، جاۋابكارلارغا تەدبىقلىنىدۇ . دۆلىتىمىز جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىنىڭ 51 - ، 60 - ، 65 - ۋە 75 - ماددىسى ھەمدە ئالى خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ «خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ جىنايى ئىشلار دەۋا قائىدىسى» نىڭ 37 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرىگە توغرا كەلگەن جىنايەت گۇماندارلىرى ۋە جاۋابكارلارنى بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بەرسە بولىدۇ :

1 . رىجىم جازاسى ، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىش ياكى قوشۇمچە جازاغا ئايرىم تەدبىقلىنىش ئېھتىمالى بارلار .

2 . مۇددەتلىك قاماق جازاسىدىن يۇقىرى جىنايى جازاغا ھۆكۈم قىلىنىش ئېھتىمالى بولۇپ ، قولغا ئالمىسىمۇ جەمئىيەتكە خەۋپ يەتكۈزمەيدىغانلار .

3 . توختىتىپ قويۇلغانلاردىن قولغا ئېلىشقا تېگىشلىك بولسىمۇ ، دەلىل - ئىسپات قولغا ئېلىش شەرتىگە توشمايدىغانلار .

4 . قولغا ئېلىشقا تېگىشلىك بولغانلاردىن ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغانلار .

5 . قولغا ئېلىشقا تېگىشلىك بولغانلاردىن ھامىلدارلار ياكى بالىسىنى ئېمىتىۋاتقانلار .

6 . قاماپ قويۇلغان جىنايەت گۇماندارىدىن قانۇندا بەلگىلەنگەن تەھقىقلەش يۈزىسىدىن قاماپ تۇرۇش ، ئەيىبلەش سۈرۈكى ئىچىدە دېلوسىنى ئاياغلاشتۇرغىلى بولماي ، داۋاملىق تەھقىقلەشكە ياكى ئەيىبلەشكە تېگىشلىك بولغانلار .

7 . ئىناۋەتلىك پاسپورت ياكى ئىناۋەتلىك چېگرىدىن كىرىش - چىقىش گۇۋاھنامىسى بىلەن تەھقىقلەشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش مەقسىتىدە چېگرىدىن چىقىپ كېتىش ئېھتىمالى بولسىمۇ ، قولغا ئېلىشقا تېگىشلىك بولمىغانلار .

دېمەك ، زۆھرەگۈل ، ئەگەر سىزنىڭ ئاكىڭىزدا يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن يەتتە خىل ئەھۋالنىڭ بىرەرسى كۆرۈلسە ھەمدە سىز تېگىشلىك شەرتلەرنى ھازىرلىسىڭىز ، ئاكىڭىزنى كېپىلگە ئالسىڭىز بولىدۇ .

**ژۇرنىلىمىزنىڭ قانۇن مەسلىھەتچىسى**

## نىكاھتىن ئاجرىشىپ بىر يىلدىن ئاشقاندا سەۋەنلىكى يوق تەرەپنىڭ تۆلەم تەلەپ قىلىش ھوقۇقى يوقىلىدۇ

ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنى» نى تەدبىقلاش جەھەتتىكى بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا ئىزاھات (1)» دا مۇنداق دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن : تەرتىپ جەھەتتە ، سەۋەنلىكى يوق تەرەپ نىكاھتىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلغان بولسا ، تارتقان زىيەنىنى تۆلىتىۋېلىش تەلىپىنى نىكاھتىن ئاجرىشىش ئەرزى بىلەن بىر ۋاقىتتا ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك ، بولمىسا ، ھوقۇقىدىن ۋاز كەچكەن ، دەپ قارىلىدۇ . سەۋەنلىكى يوق تەرەپ جاۋابكار بولۇپ قالغان نىكاھتىن ئاجرىشىش دەۋالىرىدا بولسا ، نىكاھتىن ئاجراشقاندىن كېيىن بىر يىل ئىچىدە تۆلەم تۆلىتىش تەلىپىنى ئايرىم ئوتتۇرىغا قويسىمۇ ، ئاجرىشىشقا ماقۇللۇق بىلدۈرۈش مەزگىلىدە ئوتتۇرىغا قويسىمۇ بولىدۇ . ناۋادا سەۋەنلىكى يوق تەرەپ تۆلەم تۆلىتىش تەلىپىنى 2 ـ سوت تەرتىپىگە كىرگەندە ئوتتۇرىغا قويغان بولسا ، سوتچىلار ئاۋۋال مۇرەسسە قىلىپ بېقىشى كېرەك . مۇرەسسە قىلالمىغاندا ، بۇ مەسىلىنى نىكاھتىن ئاجراشقاندىن كېيىن بىر يىل ئىچىدە ئايرىم ئەرز قىلسا بولىدىغانلىقىنى دەۋاگەرلەرگە ئۇقتۇرۇپ قويۇش لازىم.

تونۇشتۇرۇلۇشىچە ، نىكاھ قانۇنىدا سەۋەنلىكى يوق تەرەپنىڭ زىيىنىنى تۆلىتىۋېلىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ۋاقتى توغرىسىدا ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلمىغانلىقتىن ، ئەمەلىيەتتە ئوخشاش بولمىغان چۈشەنچىلەر كېلىپ چىققان . بۇنىڭغا قارىتا ، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئەدلىيىلىك چۈشەندۈرۈشىدە : سوت مەھكىمىلىرى نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلولىرىنى بېجىرگەندە دەۋالاشقۇچىلارنىڭ ھوقۇق ـ مەجبۇرىيەتلىرىنى يازما يوسۇندا دەۋالاشقۇچىلارغا ئۇقتۇرۇپ ، ئۇلارنى قانۇن بەلگىلىمىلىرىنى بىلگەن ئاساستا ھوقۇقىدىن پايدىلىنىش ياكى ۋاز كېچىشنى ئۆزى بەلگىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشى كېرەك ، دەپ بەلگىلەنگەن .

## ئەرزىيەت ئىشىغا بارغۇچىلار قانداق ئىشلارنى ئەرز قىلسا بولىدۇ

گوۋيۇەن ئېلان قىلغان «ئەرزىيەت نىزامى» نىڭ 8 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسلانغاندا ، ئەرزىيەتكە بارغۇچىلار مۇناسىۋەتلىك مەمۇرىي ئورگانغا تۆۋەندىكى ئەرزىيەت ئىشلىرىنى ئېيتسا بولىدۇ : (1) مەمۇرىي ئورگان ۋە ئۇنىڭ خىزمەتچىلىرىگە قارىتىلغان تەنقىد ، تەكلىپ ۋە تەلەپلەر ؛ (2) مەمۇرىي ئورگان خىزمەتچىلىرىنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش ، مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلماسلىق قىلمىشلىرى ؛ (3) ئۆزىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلىش قىلمىشلىرى ؛ (4) باشقا ئەرزىيەت ئىشلىرى .

## شەھەرلەردىكى پاسكىنا سۇنى بىر تەرەپ قىلىش سودا پۇرسىتى ئېلىپ كەلدى

دۆلەت پىلان كومىتېتى يېقىندا «شەھەرلەردىكى سۇ بىلەن تەمىنلەش باھاسىنى ئىسلاھ قىلىش خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ ، پاسكىنا سۇلارنى بىر تەرەپ قىلىش خىراجىتىنى يىغىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ ، تەدرىجىي ھالدا سۇ بايلىقى خىراجىتى ئۆلچىمىنى ئاشۇرۇشنى ، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدىكى شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىدە 2003 ـ يىل ئاخىرىدىن ئىلگىرى پاسكىنا سۇنى بىر تەرەپ قىلىش خىراجىتى يىغىش يولغا قويۇلۇش ، پاسكىنا سۇنى بىر تەرەپ قىلىش خىراجىتى يىغىش يولغا قويۇلۇپ بولغان شەھەرلەردە پاسكىنا سۇنى بىر تەرەپ قىلىش خىراجىتى ئۆلچىمىنى تەننەرخكە كاپالەتلىك قىلىپ ، ئازراق پايدا ئېلىش سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى .

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ، دۆلىتىمىز مۇھىت ئاسراشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ ، سانائەتنىڭ بۇلغىشىنى قاتتىق تىزگىنلىدى ، ھەر قايسى شەھەرلەر پاسكىنا سۇ ، ئەخلەت ، كېرەكسىز گاز ۋە شاۋقۇن قاتارلىقلارنى تۈزەش جەھەتتە نۇرغۇن تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى . مۇتەخەسسىسلەرنىڭ پەرەز قىلىشىچە ، نۆۋەتتە پاسكىنا سۇنى بىر تەرەپ قىلىشتىن ئىبارەت مۇشۇ بىر تۈرنى ئېلىپ ئېيتقاندىلا ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بۇ خىزمەت قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان شەھەرلەردىكى پاسكىنا سۇنى بىر تەرەپ قىلىش زاۋۇتى مىڭدىن ئاشقان بولۇپ ، 300 مىليارد يۈەندەك مەبلەغ سېلىنغان . مۇبادا پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ناھىيىدىن يۇقىرى شەھەرلەردىكى پاسكىنا سۇنى بىر تەرەپ قىلىشقا توغرا كەلسە ، زاۋۇت قۇرۇش ۋە بار ئەسلىھەلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن يەنە 400 مىليارد يۈەن مەبلەغ سېلىشقا توغرا كېلىدىكەن .

## ۋىجدانسىز

ئېرى كاماندىروپكىدىن قايتىپ كەپتۇ. ئايالى:

— قەدىرلىكىم، شۇنچە ئۇزۇن بولدى، مېنى سېغىندىڭىزمۇ؟

ئېرى:

— شۇنداق بولمامدىغان، كاماندىروپكىغا چىققان بىر ئايدىن بۇيانقى 30 كۈننىڭ ئىچىدە مەن سىزنى كۈندە ياد ئېتىپ تۇردۇم.

ئايالى:

— ۋۇي ۋىجدانسىز! ئۆتكەن ئاي 31 كۈنلۈك چوڭ ئاي تۇرسا، قالغان بىر كۈندە كىملەرنى ياد ئەتتىڭىز؟




## بىلمەپتىمەن

سوتچى پەستە تۇرغان ئايالدىن سوراپتۇ:

— سىز جاۋابكارنى ئۇزۇن پايپىقىمنىڭ ئىچىدىن پۇلۇمنى ئوغرىلىدى دېدىڭىز، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، سوتچى جانابلىرى.

— ياخشى، ئۇنداقتا سىز نېمىشقا قارشىلىق كۆرسەتمىدىڭىز؟

ھېلىقى چوكان بېشىنى تۆۋەن قىلىپ پەس ئاۋازدا:

— مەن ئۇنى پۇلۇمنى ئوغرىلايدۇ دەپ ئويلىماپتىمەن.




## يېڭى مەسىلە

ئىنتايىن سېمىز بىر كىشى دوختۇرغا ئورۇقلاش مەقسىتىدە كۆرۈنۈپتۇ.

دوختۇر ئۇنىڭغا:

— ئەگەر سىز ھەر كۈنى بەش كىلومېتىر يۈگۈرۈپ، 300 كۈن داۋاملاشتۇرسىڭىز 35 كىلوگرام ئورۇقلىغان بولاتتىڭىز، — دەپتۇ.

300 كۈندىن كېيىن ھېلىقى سېمىز كىشى دوختۇرغا تېلېفون بېرىپ، ئۆزىنىڭ راستىنلا 35 كىلوگرام ئورۇقلىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ ھەمدە:


— بىراق، دوختۇر، مەن يەنە بىر يېڭى مەسىلىگە يولۇقتۇم، — دەپتۇ.

— قانداق مەسىلە؟ — سوراپتۇ دوختۇر.

سېمىز كىشى:

— مەن ھازىر ئۆيۈمدىن 1500 كىلومېتىر يىراقلاپ كېتىپتىمەن.

**مۇھەممەتجان ھېبىت تەرجىمىسى**



قانداق بولسا ئەدىبىڭ
شۇنداق بولۇر قەدرىڭ

ھۆسنخەتلەرنى تۇرسۇن قۇربان پىدائىي يازغان

ھۆرمەت قىلساڭ، ئىززەت تاپارسەن.


ماختانما ياشۆ ئەچچە رېستۇران بىلەن،
پۇل بىلەن لەببەيچى دوست-يار بىلەن؛
يېنىڭدا دانا يوق، ئۆمرۈڭدە مەنا،
ئەترابىڭ قورشالغۇ مەست نادان بىلەن؛

ـــ مامەت رابىت





بىلمەسلىك ئەيىب ئەمەس، تىرىشماسلىق ئەيىب.



ئابلىز ئابدۇللا فوتوسى

CN65 - 1180/D - W

باھاسى: 4.00 يۈەن